# پايانسىز يوللار

(پوۋېست)

سائادەت ساتتار ئايتۇغ

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# پايانسىز يوللار

-مېنى قاچانغىچە ئالدىماقچىسىز ئادىل؟ سىزنى يەنە قانچىلىك ساقلايمەن؟ -مەن؟ سېنى قاچان ئالداپتىمەن؟ -ئۇنداقتا ئېيتقىنە، مېنى قاچان ئەمرىڭىزگە ئالىسىز؟قاچان ئۇچۇق-ئاشكارە ئەر-خوتۇن بولۇپ يۈرەلەيمىز؟ -دېدىمغۇ؟ئاز قالدى. مېنى بۇنداق قىيناۋەرمىگىن! -نىمە؟ مەن سىزنى قىيناۋاتامدىم؟ توۋا ماۋۇ گەپنى! بۇ گەپ ئاغزىڭىزدىن قانداق چىقتى؟مەن سىزنى ھېچقاچان،ھېچنىمىگە زورلىغان ئەمەسمەن! قانداق قىلغۇڭىز بولسا ھازىر قايتا قارار چىقارسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. -ئۆزۈڭنى بېسىۋال رەنا..مەن ساڭا ۋەدە بەرگەن سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن! سەن ئۇچۇن ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە رازىمەن. ساڭىمۇ ئايان، ھېچقانداق سەۋەپسىزلا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويسام ئۇ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلىشۋەتمەيدۇ. -ئەمىسە ئاجراشماڭ! ئۇنىڭ بىلەن ئۆتتۈۋېرىڭ،مەنمۇ توي قىلىشىم،ئۆي تۇتۇشۇم،باللىق بولۇشۇم،ئېرىم بىلەن قولتۇقلىشىپ ياشىشىم كېرەك!ئەمدى بۇنداق ئۆتتۈۋەرگۈم يوق،خوش! -توختاپ تۇرساڭچۇ رەنا؟گېپىمنى ئاڭلىغىنە، مەن...مەن ئىككىمىز دېيىشكەندەك قىلدىم.ئۇنىڭ ئىستاكانىغا سەن بەرگەن دورىنى كۈندە ئاز-ئازدىن تۆكۈۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن قۇتۇلىشىمىزغا ئاز قالدى جېنىم! شۇندىن كېيىن ئىككىمىز ئەركىن-ئازادە ياشايمىز. مەڭگۈ بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز! -راسما؟ مەن ئۇچۇن ئۇنىڭدىن راستىنلا كەچمەكچىمۇسىز؟ ئۇنى بۇ دۇنيادىن، تۇرمۇشىمىزدىن يوقاتماقچىمۇسىز؟ رەنا بوينۇمغا ئېسىلىپ مېنى ئەسەبىيلەرگە سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كىلىۋاتقان ئاياللارغا خاس، مەستخۇش قىلغۇچى شېرىن ھىدنىڭ تەسىرىدىن كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كىتىۋاتاتتى.شۇ ئەسنادا كۆڭلۈم بىر ئىشنى سەزگەندەك بولۇپ،كەينىمگە بۇرۇلدۇم. نىمىسىنى دەي؟ ئايالىم گۈلنەزەر غەزەپ بىلەن بىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرى توختىماستىن تىترەيتى.كۆزلىرىدىن ئۇزۇلمەستىن ئېقىۋاتقان ياشلىرى بولسا تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا تاراملاپ تۆكۈلىۋاتاتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى تولىمۇ تەستە سۆرەپ مېڭىپ ماڭا يېقىنلاشتى ۋە: -شۇنداق، ئەمدى قارار چىقىرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى ئادىل، قېنى ھۆكمىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي؟ مېنى ۋە قورسىقىمدىكى تېخى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالىمىزنى ئۆلتۈرىۋېتىپ ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالىسىز شۇنداقمۇ؟ شۇ تاپتا كاللام يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. نە گۈلنەزەرگە، نە رەناغا نىمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم.شۇ ئەسنادا ھۇدۇقۇش ۋە قورقۇنچ ئارىلىشىپ سەزگۈرلىكى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم ئۆلارنىڭ ھېچقايسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. بىرسى مەن ياخشى

كۆرىدىغان، مىنىمۇ جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان ئايالىم ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئىككىمىزنىڭ بالىسى. يەنە بىرى مېنى شېرىن خىيال، گۈزەل چۈشلەرگە، خۇشاللىق ۋە چەكسىز ھوزۇر قوينىدا ئەللەيلىتەلەيدىغان جەزبىدار، گۈزەل قىز. ئۇ ئىككىلىسى ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.ئۇلار ئاخىرقى قارارىمنى ئاڭلىيالماي قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك ماڭا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىششقا باشلىدى.ئۇلار ماڭا يېقىنلاشقانسىرى پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ،نېرۋىلىرىم قالايمىقانلىششقا ۋە پۇتلىرىم تىترەشكە باشلىدى.ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىپ ، كۆزلىرىمگە ياق، يۈرىكىمگە نەشتەر كەبى سانجىلىۋاتقان ئۆتكۈر نۇرنىڭ زەربىسىگە ھەقىقەتەن ئاجىز كېلىۋاتاتتىم.ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىش خىيالىغا كەلدىمىيۇ خۇددى نەچچە تونىنا تاش باستۇرۇپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىمنى پەقەتلا مىدىرلىتالمىدىم.نەپىسىم سىقىلىشقا، تىنىقىم قىيىنلىششقا باشلىدى... تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى.چۆچۈپ كۆزلىرىمنى ئاچتىمىيۇ دەماللىققا نىمە ئىش بولغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمنى ئاڭقىرالماي، ئەترەپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدىم.مەن ئۆز ئۆيۈمدە، كىرىسلونىڭ ئۈستىدە يېتىپتىمەن. ئايالىمنىڭ تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا تېلېۋىزور تېزگىنىكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، تېلېفۇننى ئالغىلى ماڭغانىدىكى ھالىتىگە ھاڭۋېقىپ بىر ھازا قاراپ تۇرغانىدىن كېيىن يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپمۇ قالدى.ئۇف!!!بەدىنىمدىن تېخىچە سوغۇق تەر قويۇلىۋاتقان بولۇپ،كىرىسلودا تولغۇلۇپ يېتىۋەرگەچ ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىمنى ھەقىقەتەن مىدىرلىتالمايۋاتاتتىم. گۈلنەزەر تېلېفوننى ئېلىپ‹‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم››دىدى ۋە بىر ھازاغىچە تۇتۇپ تۇرۇپ قارشى تەرەپتىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن قويۇۋەتتى.ئۇ چىرايىدىن ئازاپىنىڭ سوغۇق نۇرلىرىنى چاچرىتىپ ماڭا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن نىمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك كىرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇردى.ئۇنىڭ گەپنى نەدىن باشلىشنى بىلمەيۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئەلۋەتتە جېدەل-ماجرانى كىم خالايدۇ دەيسىز؟ ئۇ سۆز باشلاپ‹‹پارتلاپ››كەتكۈچە بىرنىمە دېيىشىم كېرەك ئىدى.‹‹كىمكەن؟››دەپ سورىدىم ئامال بار ئۆزۈمدىكى دەقىقە ئىچىدە پەيدا بولغان جىددىيلىكنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ. -كىملىكىنى مەن بىلەتتىمۇ؟دىدى ئۇ سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاپ قايتۇرغاچ ئەلەملىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن كۈچلۈك بىر سىرلىق نۇر تارقاۋاتاتتى. بۇ نۇرنىڭ تەپتىدىن مەن بارغانسىرى كىچىكلەپ بىر چىكىتكە ئايلىنىپ يوقىلىپ كىتىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھىسسىياتتا بولسامۇ ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ نۇرنىڭ زەربىسىگە ئاجىز كېلىۋاتقىنىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم. -تېلېفوننى سەن ئالغان تۇرساڭ؟ -ھە شۇ مەن خاتا ئېلىپ قاپتىمەن.ئىزدەيدىغان ئادىمى ئالغان بولسا گەپ قىلار ئىدى؟دىدى ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ. -بۇ نىمە

دېگىنىڭ؟يەنە گۇمانخورلۇق كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتىدۇ ھە؟يا ندۇرۇپ ئۇرە بايىقى نومۇرغا مەن ئېلىپ با قاي؟ تېلېفۇننىڭ كەلگەن نومۇرنى كۆرستىش كۇنۇپكىسنى ئاقتۇرىۋىدۇق بايىقى كەلگىنى نومۇرى نائېنىق تېلېفۇن بولۇپ چىقتى.‹‹ئۇغۇ ئۆيگە تىلفۇن قىلىپ يۈرمەس››دەپ ئويلىغان بولسامۇ ‹‹ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن››دېگەندەك خۇدۇكسىرەپ قوللىرىم يىنىك تىترەپ كەتتى.ئۆزۈمدىكى بۇ ھالنى چاندۇرما سلىق ئۈچۈن‹‹خاتا ئۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ››دەپ قويۇپ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ پەرۋاسىز قىياپەتتە تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرىۋالدىم. شۇ تاپتا ھەر ئىككىلمىزنىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولغىنى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىدا قايسى پىروگراممىنى قويىۋاتقىنىنىمۇ دەپ بېرەلمەيتۇق.مەن بايىقى چۈشىنىڭ ۋەھىمىسىدىن تېخىچە يۇلقۇنۇپ چىقىپ بولالمىغنىم ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر يەنە سوغۇق تەرلە شكە با شلىدىم... بۇ تىمتا سلىققا يەنىلا ئۇ بەردا شلىق بېرەلمىدى بولغاي سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ بوغۇلۇپ تۇرۇپ، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتقىنىنى بىلىنىپ تۇراتتى. -بىز شۇنچە ئۇزۇن يىل مۇھەببەتلەشتۇق...چوڭلارنىڭ قارشىلىقلىرىغا بويسۇنماي مىڭبىر جاپادا توييمىزنى قىلدۇق .توي قىلغاندىكى خۇشاللىقمىز ھېلىھەم ئېسىڭىزدە باردۇ ئادىل؟ ئۇ چاغدا بىز دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بىر جۈپلەردىن ئىدۇق... -ئەلۋەتتە ئېسىمدە خوتۇن. يەنە ئارتۇق گۇمان قىلىشنى باشلىدىڭ ھە؟ نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىڭنى مەن بىلمەن. بولدى ئارتۇق گەپ ئەگىتىپ يۈرمىگىنە مەن ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن. مىڭبىر جاپادا قۇرغان ئائىلمىزنىڭ بەختىنى قەدىرلەيمەن. بىز ھازىرمۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بىر جۈپلەر. -مەن سىزنى دەپ نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كەچتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلىدىم.ئەلۋەتتە مەن بۇلارنى ئۆزۈم خالاپ قىلغان، ئۆكۈنۈشۈم يوق. لېكىن مەن سىزنىڭ ساداقىتىڭىزدىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلىپ باقمىدىم... مېنىڭمۇ سىزنىڭ دىلىڭىزنى غەش قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلغۇم يوق. ماشىنىنى ھەيدەپ بىر چىقىپ كەتسىڭىز سىزنىڭ نەدە، نىمىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى بىلمەيمەن. -مەن سىرتلاردا ئويناپ يۈرەمدىكەنمەن؟دەپلا ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆكتەملىك بىلەن بۆلىۋەتتىم.-ئەمسە مەنمۇ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرسام بۇ تۇرمۇشنى قا نداق قا مدايمىز؟يەنە كېلىپ مە ندە يانفۇن بار،كاللاڭنى ئىشلىتىپ باقساڭچۇ؟مېنى ئىزدەيدىغان ئادىمىم بولسا نىمىشقا بىۋاستە يانفۇنۇمغا تېلېفۇن قىلماي ئۆيگە قىلىدۇ؟ -ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىدىن ئايال كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسا؟ -ماڭا شۇ قەدەر ئىشەنمەمسەن؟ -سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ ئادىل؟ ئۇ كۆزلىرىمگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ قارىدى.ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا كەسكىن سوئال، گۇمان ۋە ئۈمىتسىز ئايالنىڭ بىچارە تەلمۈرۈشلىرى بار ئىدى. -بولدى ئەتە تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىپ تېلېفۇن خاتىرىسىنى

تەكشۈرتەيلى!كىمنى ئىزدەيدىغانلىقى،كىملىكى شۇ چاغدىغۇ ئېنىق بولار؟ -ھاجەتسىز، پەقەت شۇنىلا سەمىڭىزگە سېلىپ قويالي ئادىل. مەن مىڭبىرتەستە ئېرىشكەن بۇ تۇرمۇشىمىزدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسىكەن،ئاتا-ئانامنىڭ،دوستلىرىمىزنىڭ ئالدىدا سۆز-چۆچەككە ،تاپا-تەنىگە قالمىساقكەنلا دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھەرخىل كېسەللەر ئەتراپىمىزدا سەلدەك يامراۋاتىدۇ... -گەپ قىلمىسام تولا ھەددىڭدىن ئاشما ھە؟ مېنى نىمە كۆرۈپ قېلىۋاتىسەن؟ مەن كوچىدا نا شايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان ئادەمما؟ شۇ ئە سنادا پە ستىن ما شىنىنىڭ سىگنال بەرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.كۈندۈزى ماشىنا ھەيدەيدىغان خىزمەتدىشىمدىن ماشىنىنى تاپشۇرىۋالىدىغان ۋاقتىم بولغان ئىدى. -مەن ماڭدىم، دىدىم ئامال بار ئاۋازىمنى ئۆزلۈك چىقىرىشقا تىرىشىپ. ئاستقۇچتىكى چاپىنىمنى ئالغاچ ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. ئۇ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە يۆتكەپ ماڭا دومسىيىپ قاراپ قويدىيۇ توي قىلغاندىن بېرى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن‹‹ئاللاھقا ئامانەت،يولدا دىققەت قىلىڭ››دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمىدى... ماشىنىنى قوزغىتىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن رەناغا تېلىفۇن قىلدىم.ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇندىن‹‹ باياتىن ئۆيگە تېلىفۇن قىلدىڭىزمۇ؟››دەپ سوردىم.ئۇنىڭ ‹‹ھەئە››دەپ جاۋاپ بېرىشىدىن ھەيران بولۇپ دەماللىققا نىمە دېيىشىنىمۇ بىلمەي قالدىم. -نىمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ ئىشقا چىقىدىغان ۋاقتىمنى بىلەتتىڭىزغۇ؟گەپ بولسا ئەمدىلەتىن يانفۇنۇمغىلا ئۇرسىڭىز بولاتتىغۇ؟ ئۇ ئۈنچىقمىدى.ئۇنىڭ ئەتىگەن مىجەزى يوقلىقىنى ئېيتىپ تىلىفۇن قىلغىنىنى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىشىنى ئېيتقىنىمنى ئويلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ‹‹دوختۇرخانىغا باردىڭىزمۇ؟››دەپ سورىدىم. -ھەئە..يانفۇنىڭىزغا ئۇرسام ئىتىك... -تەكشۈرتتىڭىزمۇ؟ دوختۇر نىمە دەيدۇ؟ئادەمنى ئەنسىرەتمەي تېز ئېيتىڭە؟ -مەن ئۆيدە قالغان گەپنى كەلگەندە دېيىشەيلى سىزنى ساقلايمەن خوش. ماشىنىنى يول ياقىسىغا توختىتىپ قويۇپ تاماكىدىن بىرتال تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم‹‹رەنا نىمىشقا ئۆيگە تېلىفۇن قىلغاندۇ؟بۇنچە جىددى ئۇ ماڭا زادى نىمە دېمەكچىدۇ؟گۈلنەزەر بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغاندەك قىلىدۇ.ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟باياتىن كۆرگەن چۈشلىرىم نىمىدىن دېرەك بېرىدىغاندۇ؟ھەي...ئۆزۈمنىڭ شورى!ئەمدىكى گەپ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا...قانداق قىلسام بولار؟...›› راستىنى ئېيتسام ئايالىمنى ھەقىقەتەن چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا قوغلاشقان ئىدىم.ئۇنى شۇنچە كۆپ كۈشەندىلىرىمنىڭ ئارىسىدىن قەتئىي ئىرادەم،تىرىشچانلىقىم ۋە ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىمنىڭ تۈرتكىسىدە ئاخىرى ئىندەككە كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتى ئېرىشكەن بولسامۇ،ئىككىمىز ئىككى شەھەردىن بولغاچقا،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، مەن بولسام ھېچقانچە ئوقۇيالمىغان بىر ئاددى تاكسى شوپۇرى بولغاچ چوڭلارنىڭ توي ئىشىمىزغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە تارتمىغان خاپىلىق، ئۇۋالچىلىقىمىز قالمىغان ئىدى.ئۇ ئاخىرى مۇھەببىتىمىزنى دەپ ھەممىدىن ۋاز كەچتى. يۇرتىدىن، خىزمىتىدىن،ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كەلدى.ئىككىمىزنى ئايرىۋېتىشكە كۆزى يەتمىگەن چوڭلارمۇ ھەرھالدا رازىلىق بىلدۈرۈپ تويىمىزنى قىلىپ قويىدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى خېلى يىللارغىچە قىزىنىڭ مەندەك بىر يالاڭتۆشنى دەپ شۇنچە يىللىق ئوقۇشىنى نەتىجىسىز ئاخىرلاشتۇرغىنىدىن نارازى بولۇپ، ماڭا تۈزۈك چىراي ئاچماي يۈرگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىجىل-ئىناق،خۇشال ئۆتىۋاتقان كۈنلىرىمىزنى ۋە ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسىدە بارغانسىرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقان تۇرمۇشىمىزنى كۆرۈپ،بۇرۇنقى ئەندىشىلىرى تۈگەپ،بىزگە سۆيۈنۈش بىلەن ئۆمۈرلۈك بەخت تىلىشىدىغان بولغان ئىدى. گۈلنەزەرنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى گۈلدەك چىرايى سەل-پەل سۇلاشقان بولسىمۇ يەنىلا ئۆز گۈزەللىكىنى، لاتاپىتىنى، مۇلايىم،ئوماق تۇرقىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىغان ئوماق قىزىمنىڭ تولىمۇ ئەقىللىق، ساغلام چوڭ بولىۋاتقانلىقى مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى يەنە بىر چوڭ خۇشاللىقىم ئىدى. گۈلنەزەر ئالى مەكتەپ تەربىيەسى ئالغان، ئەقىللىق ئايال بولغاچقا بارلىق زېھن-قۇۋۋىتى،ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى قىزىمىغا ئېرىنمەي سىڭدۈرۈشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە قىزىم باشلانغۇچتىن تارتىپ ئۇدا ياخشى ئوقۇپ،تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەپتەپكە چىققۇچىلىك سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدى بولۇپ ماڭدى،ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم ئالغاندىن كېيىن ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىسىنىڭ يىراقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى مەكتەپ ياتىقىدا يېتىپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. كۈنلىرىم ئارا كۈندە بىر قىزىمنى يوقلاشتىن سىرت يەنىلا بۇ ئاۋات ، چوڭ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا تىنىمسىز ئايلىنىش بىلەن ئۆتەتتى.ھەر كۈنلىكى نىسۋىسى مېنىڭ ماشىنامغا چۈشكەن ھەرخىل يولۇچىلارغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىپ بولالماي راستىنلا چارچاپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان قاتناش نىزاملىرىنىڭ چىڭىلىقىدا سەللا بىخەستەلىك قىلسام تاپقان پۇلۇم جەرىمانىدىن ئاشماي قالىدىغان ۋاقىتلارمۇ كۆپ ئىدى.بۇ چارچاش ۋە بىر نۇختىنى توختىماي چۆگىلەپ ئۆتىۋاتقان رىتىملىق تۇرمۇش بەزىدە ماڭا شۇنچە مەززىسىز، ئەھمىيەتسىز تۇيۇلۇپمۇ قالاتتى.تۇرمۇشۇمدا بىرەر يېڭىلىق ۋە ئۆزگىچە تەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىمۇ تىلەپ قالاتتىم بەزىدە ماشىنامغا چىققان شوخ،چىرايلىق، ياسانچۇق،گەپدان قىزلارنىڭ چاخچاقلىرىغىمۇ خېلى ماسلىشىپ قويىدىغان ۋاقىتلىرىم بولسىمۇ ئايالىم بىلەن قىزىم كۆز ئالدىمغا كېلىشىگىلا بۇ خىياللىرىمدىن نومۇس قىلىپ،ھازىرقى تىنىچ-خاتىرجەم تۇرمۇشۇمغا شۈكرى ئېيتاتتىم...بىرمۇنچە

تەسەۋۋۇر، ھەۋەسلىرىمىز ئۇلار بىلەن چاخچاقلىشىپ قويۇش، كىرا ھەققىنى ئالماي ئاپىرىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىلىك سىمىنىدا ئىشلەۋېتىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ماشىنامنى توسقان چىرايلىق قىز رەنا بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.ئادەتتە بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇچرىغان قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى كېچىلىك بەزمىخانا ۋە ئالىلقانداقتۇر زىياپەتلەردىن تارقىغان،مەستخۇش ھالەتتىكى قىزلار بولغاچ ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قاراپ قويماستىن دېگەن جايىغا ئاپىرىپ قويدۇم.يول بويى بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلاشمىدۇق.ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈش ئالدىدا«خاپا بولمىسىڭىز بىر ئاز ساقلاپ تۇرغان بولسىڭىزھا يال بولمايلا چىقىمەن. يەنە بايىقى جايغا قايتاتتىم»دىدى كۆزلىرىمگە ئىلتىجالىق بىلەن تەلمۈرۈپ.«تايىنلىق يېنىدا پۇلى قالمىغاندۇ؟ياكى مىنى يۇۋاش كۆرۈپ پۇل تۆلىمەيلا تىكىۋېتىش پىلانىنى تۈزۈپ بولغاندۇ»دەپ ئويلىغان بولسامۇ ئۇنىڭ سەممىيلىك ۋە سەل جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا بىر قارىۋېتىپ«ماقۇل»دېگەن مەنىدە يىنىكلا باش لىڭشىتىپ قويدۇم.مىنى بۇنداق ئاخماق قىلغانلار ئاز بولمىسىمۇ يەنىلا «قىزبالىغان پۇل بەر دەپ ئېسىلىۋالغىلى بولاتتىمۇ؟قاچسا شۇ بىر قېتىملىق كىرا ھەققىدىن قۇرۇق قالارمەن؟» دەپ ئويلاپ ئۇلارغا ئارتۇق گەپ قىلىشنى خالىمايتىم.. ئادەتتە مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققاندا ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، بىرەر تال تاماكىنى بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ چېكىۋالاتتىمدە ئاندىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ كېتىپ قالاتتىم.ئەلۋەتتە ناگاندا بىرلىرى شۇ ئارىلىقتا قايتىپ چىقىپمۇ قالاتتى... دېرىزە ئەينىكىنى يېرىم چۈشۈرۈپ ، تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتىم. ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشىدىن ئىختىيارسىز چۆچۈپ ماشىنىغا چىقىۋاتقان بايىقى قىزغا قارىدىم. ئۇ بايا ماشىنىغا چىققاندا ئادىتىم بويىچە چىرايىغىمۇ قارىمىغان، تەققى-تۇرقىغىمۇ دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن.ئۇنىڭ ئىشىكنى ئەلەم بىلەن كۈچەپ يېپىشىدىن ۋە ئېغىر ئۇھسىنىپ، مىشىلداپ يىغلىشىدىن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدىم.ئۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك كېچىلىك بەزمىلەردىن ياكى بىرەر سورۇندىن چىققاندەك ئەمەس، كىيىملىرى شۇنچە ئاددى، يۈزلىرى گىرىمسىز ئىدى.ئادەتتە ساقلاپ تۇرىشىمنى ئېيتىپ چۈشۈپ كېتىپ ھايالشىمايلا قايتىپ چىقىدىغانلاردەك ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا چىقىپلا شىپىرىسىنى بىلىكىگە سانجىيدىغانلاردىنمۇ ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. -نىمە بولدىڭىز؟ دىدىم مەن نىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي سەل تۇرىۋالغاندىن كيىن،-كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. -بايىقى جايغا ئاپىرىپ قويامدىم؟ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىنى ئۈمىت قىلىپ.ئۇ توختىماي ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتكەچ ماڭىمۇ قارىماستىن«ھەئە»دېگەندەك ئىشارىدە باش لىڭشىتتى. بىردەم ماڭغاندىن

كېيىن ئۇ يانفۇننى ئېلىپ بىرسىگە تېلىفۇن قىلدى. -ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاداش، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ئويغىتىۋەتكىنىمنى كەچۈرگىن...ياق، ياق يىغلىمىدىم ئەنسىرىمە. ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە ئۆزىنى تۇتتۇۋالالماي يىغلاشقا باشلىدى. -ئاداش قالدى گەپنى كۆرۈشكەندە دېيىشەيلى. مومامنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. هازىر هۇشسىز ياتىدۇ. مۇمكىن بولسا...ئازراق ياردەم قىلىپ تۇرغان بولساڭ...ۋاي بارمىدى دەمسەن؟ هازىر شۇ يەڭگەمنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىم...ئۇنىڭدىن پۇل ئەمەس بىرمۇنچە سېسىق گەپ ئاڭلاپ چىقتىم شۇ... ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، يىغا ئارىلاش ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەۋاتقىنى ئايان ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا‹‹هە مەيلى ئەمسە سېنىمۇ خىجىل قىلماي،ئۇخلاۋەرگىن،باشقا ئامال تېپىلىپمۇ قالار››دەپ يانفۇننى قويغاندىن كيىن يەنە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. -مومىڭىزساقسىز بولۇپ قالغانمىدى؟ ئۇ يەنە جاۋاپ بەرمىدى،-بۇنداق يىغلاۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ ئاغرىپ قالسىز.مومىڭىز نىمە كېسەل ئىدى؟ -يۈرەك كېسەل،زىققا كېسىلىمۇ بار. يېشى سەكسەندىن ئاشتى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي يەنە يىغلاشقا باشلىدى. -بۇ يەردە باشقا بىرەر يېقىنلىرىڭىز يوقمۇ؟ -... -ئاتا-ئانىڭىزچۇ؟ -مىنىڭ مومامدىن باشقا هچقانداق يېقىنلىرىم قالمىدى. -بولدى كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ،ئاللاھ ئاسانچىلىق بېرەر. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىلىپ مومىسىنىڭ هالىنى كۆرۈپ بۇ بىر جۈپ ئاجىزەگە ئىچىم ئاغرىپ يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۆيىنىڭ هەممە يېرىدىن غېرىپلىق تۆكۈلۈپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى.موماي ئاللىنىملەرنىدۇر جۆيلىگىنىچە هۇشسىز ياتاتتى.قىز بىلەن بىرلىكتە مومايىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق ۋە تاڭ ئاتاي دېگەندە بالنىسقا ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ كۆڭلىمىز خېلى ئارام تېپىپ قالدى.مومايمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۇرۇلغان ئۇكۇللارنىڭ تەسىرىدىن هۇشىغا كېلىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاشقا باشلىدى. -شۇ تاپتا سىزگە نىمە دەپ رەهمەت ئېيتىشىمنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن. پۇللىرىڭىزنى ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم قايتۇرىمەن.دىدى قىز مىنى ئۇزىتىپ دوختۇرخانا ئىشىكىدىن چىقىۋېتىپ. -بولدى كۆپ ئويلىماڭ. هەر نىمە بولسا چوڭ ئانىمىز خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى.ۋاقتىم چىقسىلا ئۇنى يوقلاپ كېلىمەن. بىرەر ئىش بولسا تېلىفۇن قىلارسىز. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ يىغلاڭغۇ بالا.دىدىمەن ئۇنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ چاخچاق قىلىپ. ئۇ خىجىللىق بىلەن پىسسىڭىدە بىرنى كۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى. بۇ ئىش بولۇپ نەچچە كۈنلەرگۈچە ياشانغان مومايىنىڭ مەيۈسلۈك، ئامالسىزلىق ۋە نىملەرنىدۇر ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك نۇرسىز كۆزلىرى،يادىڭغۇ، كېسەلچان هالىتى، قىزنىڭ يىغا تۆكۈلۈپلا تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ دوختۇرغا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ دۇنيادا بىردىنبىر قېرىندىشى بولغان مومىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى ئىلتىجا قىلىپ، ناله

قىلىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلمەي، يۈرەكلىرى تىترەپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلمەي قالمايتى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.ئەينى چاغدا قىزغا ۋە ئۆزۈمگە بەرگەن ۋەدەم بويىنچە موماينى يوقلاپ بارالمىدىم. نەچچە رەت ئاشۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن بولساممۇ، موماينىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىلىپ باققۇم كەلگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مېنى كۆرۈپ دوختۇرخانىغا تۆلىگەن پۇللار ئۈچۈن خىجالەتچىلىك تارتىپ،ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىشتە ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئارقامغا قايتتىم. ھېچبولمىسا تېلېفوندا بولسىمۇ ئۇلارنى ئەھۋالىنى سوراپ تۇرماسمىدىم دەپ ئەينى چاغدا قىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سوربۋالمىغىنىمغا ئۆكۈنۈپمۇ قالدىم. ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە، بىر يۇلۇچىنى شەھەر سىرتىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا موماينىڭ مەسئۇل دوختۇرىدىن تېلېفون كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ھېلىقى كۈنى بالنىستقا ئالغۇزۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگەندە ئالدىراشچىلىقتا بىمارنىڭ ھامىيسى دېگەن ئورۇنغا تېلېفون نومۇرۇمنى قالدۇرۇپ قويغان ئىكەنمەن.گەرچە موماينىڭ يېنىدا ئىزچىل ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان نەۋرە قىزى بولسىمۇ، دوختۇر ئۇ قىزنىڭ كىچىكلىكىنى بەزى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ئېيتىشتا ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە مېنىڭ ئۇلارنىڭ يېقىنى سۈپىتىدە مەسئۇل دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ بەزى ئىشلارنى يۈزتۇرانە سۆزلىشىشىمنى ئېيتتى. مېنىڭ نىمىشقىكىن ئۆزۈمنىڭ پەقەت ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغان شوپۇر ئىكەنلىكىمنى، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوقلىقىنى ئېيتقۇم كەلمىدى ۋە دوختۇرغا چۈشتىن كېيىن بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تېلېفۇننى قويدۇم. -بىمارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، دىدى دوختۇر بىر پارچە ئېغىر كېسەللىك ئۇختۇرۇشىنى ماڭا ئۇزاتقاچ،-يۈرەك كېسىلىگە ياندىشىپ كەلگەن زىققا ۋە كانايچە ياللۇغىنى داۋالاش ھەققەتەن تەس. بىز خېلى تىرىشقان بولساقمۇ موماينىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا كۈچلۈك خېمىيىلىك دورىلارنى ئىشلىتىشكە ۋە يۈرەك ئوپېراتسىيە سى قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە يېتىۋەرسىمۇ ئادەتتىكى ياللۇغ قايتۇرۇش ۋە قۇۋۋەت تولۇقلاش دورا-ئوكۇللىرىنىلا ئىشلىتىپ داۋالايمىز. بۇنداق داۋالاشنىڭ موماينىڭ ئاغرىق ئازابىنى ئازراق يەڭگىللەتكەندىن باشقا ھېچقانچە داۋالاش ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئەگەر خالىساڭلار موماينى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىپ ياخشىراق خەۋەر ئېلىۋېلىڭلار، كىينكى ئىشلاردا ۋە ئىدىيەڭلەردە تەييارلىق بولسۇن، بەلكىم بىرەر ئىككى ئايلىقلا ۋاقتى قالغان بولۇشى مۇمكىن... دوختۇر ئىشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇ قىزغا قانداق دىيىش توغرىلىق ئويلىنىپ قالدىم. بايا دوختۇرخانىغا كەلگىنىمدە موماي ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئەينەكلىك ئىشىكىدىن قاراپ موماينىڭ دېرىزە تەرەپكە قاراپ ياتقىنىنى، قىزنىڭ بولسا كارۋاتقان تېرەلگەن بىلەكلىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى

كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارامنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئاۋال مەسئۇل دوختۇر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم. -ۋوي!ئادىلجان ئاكا! قانداق ئەھۋالىڭىز؟ئەجەپ ئۇزۇن يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟موما بۇ ھېلىقى كۈنى سېنى دوختۇرخانىغا ئەكىلىشىپ بەرگەن شوپۇر ئاكاش شۇ! قىزچاقنىڭ مېنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ مومايغا تونۇشتۇرۇشلىرىدىن ۋەئىككەيلەننىڭ بەس-بەستە رەھمەت ئېيتىشلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم. -ھە، ھېچقىسى يوق، ئۇ كۈنى كىملا بۇ ئىشقا يولۇقسا شۇنداق قىلغان بولاتتى.نەچچە كۈندىن بۇيان يوقلاپ كېلەمەن دەپمۇ ئالدىراشچىلىقتا كېلىپ بولالمىدىم، بۈگۈن ماشىنىغا دەل مۇشۇ تەرەپكە كېلىدىغانلار چىقىپتىكەن ياناشىمدا سىلەرنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ كىرىشىم... ياشانغان موماي كېسەل دەستىدىن خېلىلا سۇلىشىپلا قالغان بولسىمۇ يەنىلا گەپدان بولۇپ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ باشتىكى ئوڭايسىزلىقلاردىن خېلىلا قۇتۇلۇپ قالدىم. مومايىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، خۇنۇك كۆزلىرى،تاتىرىپ كەتكەن نۇرسىز يۈزلىرىگە ۋە بىردەم-بىردەم نەپسى قىيىنلىشىپ خىقىراپ قىينىلىشلىرىغا قارىغانسىرى بايا دوختۇرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئىسىمگە كېلىپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر بىئارامچىلىقتا قىينىلاتتىم.ئالدىمدا قورۇنۇپقىنا كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان قىزغا بولسا مومىسىنىڭ ئەھۋالىنى قاچان، قانداق ئېيتىشىنى ئويلاپ،ئويلىغانسىرى بېشىم قاتاتتى. -سەت بولدى ئادىل ئاكا، پۇللارنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىدىم،ئۇرۇمچىدىكى تاغامغا تېلىفون قىلىۋىدىم ئۇزۇنغا قالماي ئامالىنى قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى...خاپا بولماي... -ۋاي نىملەرنى دەيدىغانسىز رەنا؟ بولدى ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى ئەمدى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ.مومىڭىزنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ.-دىدىمەن دوختۇرخانا دەرۋازىسىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقىپ، ئۈمچىيىپ تۇرۇپ ئاران شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان قىزنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. -تاغىڭىزغا ئېيتسىڭىز پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالمىسىمۇ ۋاقتىدا كىلىپ سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا تۇرسا ياخشى بولاركەن. ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا... -ئاغزىڭىزنى ئۇشۇتمىڭە ئادىل ئاكا، خۇدايىم ساقلار...دىدى قىز تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ. -ھە، ئاللاھ خالىسا ياخشى بولۇپ كېتەر، ھازىرمىغۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، شۇنداقتىمۇ سىزنى يالغۇزچىلىق تارتىپ قالارمىكىن دەپ... -كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، دىدى قىز دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. دوختۇر ھاۋالە قىلغان سۆزلەرنى ئېغىزىمدىن چىقىرالماي قايتىپ كەتتىم. ئۆزۈم يالغۇز قالغان پەيتلەردە ئويلاپمۇ قالاتتىم. ناتونۇش بىر قىزنىڭ مومىسىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىۋېتىشىم بىرەر شەخسى غەرەزدىنمۇ قانداق؟مەن ئۇ قىزغا قىزىقىپ قالدىممۇ؟ ياق! مېنىڭ ئورنۇمدا كىملا بولسا مومايىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھالىنى كۆرسە ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا چوقۇم قاراپ تۇرالمىغان بولاتتى. قىزنىڭ سەممىي ۋە

مۇلايىملىقى چىقىپلا تۇرىدىغان چىرايلىق يۈزلىرىگە نەچچە قېتىم تىكىلىپ قارىغىنىم راست، لېكىن، ئۇ قاراشلىرىم ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىش ئۈچۈن بولغان ھەرگىزمۇ يامان غەرەز يوق.دىمىسىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىلاجسىز كۈنلەردە قالغان بىر ئاجىزەگە يامان نىيەتتە بولسام مەن قانداقمۇ ئادەم، ئەر سانىلىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنداق پايدىنى كۆزلەيدىغان ئەرلەردىن ئەمەسقۇ؟ئۇلارنىڭ ماڭا ئۇچرىشى بۇ بىر تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بۇ ئاللاھنىڭ سىناقلىرىنىڭ بىرى ئەمەس دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ شۇنداق، ئەمدى ئىككىلىنىۋەرمەي،خۇدۇكسىرىمەي ئۇ ئىككى ئاجىزگە قولۇمدىن كىلىشىچە ياردەم قىلىشىم كېرەك.بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ قالايمىقان ئويلاردا بولماسلىقىم.ئۇلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىم قاتارىدا كۆرۈشۈم، مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك. شۇندىلا مەندىكى خۇدۇكسىرەش ۋە ئەندىشىلەر تۈگەپ ئۇلارغا قېرىنداشلىرىم سۈپىتىدە توغرا قارىيالايمەن.ئۆزۈممۇ قىلىۋاتقان بۇ كىچىككىنە ياخشىلىقلىرىمنىڭ غەرەرسىز ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگىنىمدىلا خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمەن! مەن باشتىن ئاخىر ئاشۇ ئويلىغانلىرىمدەك قىلدىم. موماي ۋە رەنانى نەچچە كۈندە بىر يوقلاپ تۇردۇم.ئۇلار بىلەن بىرگە بولغاندا بۇرۇنقىدەك ئوڭايسىزلىنىپ، قورۇلۇپمۇ كەتمىدىم.رەنامۇ دوختۇر ئىككىمىزنىڭ سەۋىرچانلىق بىلەن چاندۇرماي شەپە بېرىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدە مومىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى چۈشەندى.لېكىن ئۇ بىز ئەنسىرىگەندەك ئۆزىنى يوقىتىپمۇ قويمىدى.بەلكىم مومىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا يۈرىكى سىزىپ بولغان بولسا كېرەك.ئۇ بىر نەچچە كۈن جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ قالغاندىن كېيىن مومىسىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ چىقىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پات-پاتلا ئۇلارنى يوقلاپ تۇردۇم. ھەر قېتىم رەنالارنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئۇ ئىككەيلەن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. موماي مېنى بەكلا چوڭ بىلەتتى. بارغىنىمدا ساقسىز بولۇشىغا،ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي رەنانى ھېلى ئۇنى ھېلى بۇنى ئەكىلىشكە، ياخشىراق تاماقلارنى ئېتىشكە بۇيرۇپ پايپېتەك قىلىۋېتەتتى. بەزى كۈنى رەنا تېلىفون قىلىپ مومىسىنىڭ مېنى تولا سوراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋاقتىم يەتسە كىلىپ ئولتۇرۇپ كىتىشىمنى سورايتى. ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى...كېچىلىك ئىسمىندىن چۈشۈپ،ئۆيگە قايتىپ ئەمدى يېتىشىمغا رەنادىن تېلىفون كەلدى.ئۇنىڭ ئەزەلدىن مېنىڭ ئۆيدىكى ۋاقتىمدا تېلىفون قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم شۇڭا يۈرىكىم بىر ئىشنى سەزگەندەك قاتتىق ئېغىپ كەتتى. تېلىفوننى ئېلىشىمغا رەنانىڭ تېلىقىپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ۋە«ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، مەن ھازىرلا بارىمەن»دەپ تېلىفوننى قويدۇم.ئايالىمغا يېقىن دوستۇمنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇپلا ھەرھال يولغا چىقتىم. مومايىنى ئۈزۈتۈپ قويدۇق. رەنا نامازغا كەلگەنلەرگە ئېسىلىپ يىغلاپ نەچچە ھوشىدىن كەتتى. بۇ دۇنيادا

باشپاناھسىزلا قالغان بىچارە قىزنىڭ نالە قىلىپ يىغلاشلىرى ھەرقانداق كىشىنىڭ باغرىنى ئەزمەي، كۆزلىرىگە ياش ئولاشتۇرماي قالمايتى. ياشاش مۇددىتى توشقانلار، رىسقى تۈگىگەنلەر كىتىدىكەنمىز، ھايات قالغانلار يىغلىساقمۇ، قاقشىساقمۇ يەنىلا ھېچنىمنى ئۆزگەرتەلمەي ياشايدىكەنمىز. رەنامۇ ئاستا-ئاستا تەقدىرگە تەن بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا ئۇرۇمچىدىن نامازغا ئۆلگۈرۈپ كەلگەن تاغىسىنىڭ مومايىنىڭ يەتتە نەزىرىدىن كيىن رەنانى بىرگە ئېلىپ قايتماقچى بولغانلىقىنى، مۇشۇ يەردىكى يەڭگىسىنىڭمۇ ئۇنى تاغىسى بىلەن كىتىشكە زورلىغانلىقىنى لېكىن، ئۆزىنىڭ قۇشۇلمىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا مومىسىنىڭ چىرىقىنى ئۆچۈرمەي مۇشۇ ئۆيدە ياشىغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويغىنىنى ئېيتىپ بەردى. مومايىنىڭ ئۆلۈمىدىن كيىنكى ۋاقىتلاردا رەنانى دائىم دىگۈدەك يوقلاپ تۇرغان بولساممۇ ۋاقىتىنىڭ ئۆتۈشى ۋە رەنانىڭ ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ ئىشقا چۈشۈشى بىلەن ھەر ئىككىلىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراش يۈردۇق. رەنا ئالى مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى ئوقۇۋېتىپ چېكىنگەن بولۇپ،مەلۇم بىر ھۆسىن تۈزۈش مەركىزىدە خىزمەت قىلاتتى. ئارىلىقتا ئۇنى بىر نەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ تەسەللى بەرگەچ يوقلاپ كەلدىم.بىچارە قىزنىڭ مۇسىبەت چۈلغىغان سۇلغۇن ھالىتى ئۇنى بارغانسىرى جىمغۇر،كەمسۆز قىلىپ قويغان ئىدى.كيىن ئۇنى كۆپ ئىزدىيەلمىگەن بولساممۇ پات-پات تېلىفۇن قىلىپ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردۇم. بىر كۈنى چۈشلەرگە يېقىن رەنا تېلىفۇن قىلىپ كۆڭلىنىڭ تولىمۇ يېرىملىقىنى، ئىشقا بارغۇسىمۇ يوق ئۆيدە ئولتۇرغىنىنى ئېيتتى.مەن ئۆزۈمنىڭمۇ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكىمنى، سەل تۇرۇپ كۆرۈشىنى ئېيتىپ،بىكار بولۇپلا ئۇنى قېشىغا باردىم. رەنانىڭ ئۆيىگە يىتىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ چىرايى راستىنلا ئۇششۇك تەككەن گۈلدەك سولىشىپ قالغان بولۇپ تولىمۇ مىسكىن ۋە خىيالچان كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ تاماق يىمىگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ ۋە كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن يولدا كەلگۈچە ئېلىۋالغان تاماق ۋە ئۇششاق يىمەكلىكلەرنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. -ئەسلى سىزنى ئوبدانراق بىرەر يەرگە ئاپىرىپ بىرەر كۈن ئوينىتىپ كىلىش ئويۇممۇ بار ئىدى. بۈگۈن بۇ ئىشلار تۈيۈقسىز بولۇپ قالغاچقا ... كۆڭلىڭىزنى خۇش تۇتۇڭ رەنا. رەنا تەكەللۇپ بىلەن قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ياختۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتقاندىن كيىن ئاشخانا ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي ئۇ نەرسىلەرنى تاۋاقلارغا ئېلىپ چىقىپ ئۈستەلگە تىزدى. -ھېلىمۇ ياخشى سىز بولۇپ قاپتىكەنسىز،بولمىسا بۇ كۈنلەرنى يالغۇز قانداقمۇ ئۆتكۈزەر ئىدىم؟-دىدى رەنا ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ،-نەچچە كۈن بولدى مومامنى،ئاتا-ئانامنى، ئاكامنى چۈشەيمەن...ئاخشامقى چۈشۈمدە ئۇلار بىللە كۈلۈشۈپ ئولتۇرغۇدەك، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ يېقىنلاشساملا ئۇلار مىنى تونىماس بولىۋېلىپ، قارىماي

ئولتۇرىۋالغۇدەك،ئۇلارنىڭ سوغۇق چىرايىغا قاراپ شۇنچە ئازاپلانغۇدەكمەن. ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلىغۇدەكمەن.لېكىن ئۇلارنىڭ پەقەتلا كارى بولمىغۇدەك... -كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ رەنا،روھلار چۈشىگە كىرسە ياخشى دەيدىكەن. يىغلىسىڭىز ياخشى بولمايدۇ.ھەققىگە دۇئا قىلايلى. ئىككىمىز ئۇنى بۇنى دىيىشىپ ئولتۇرۇپ رەنا دەملىگەن قىززىق چاي بىلەن مەن ئەكەلگەن نەرسىلەردە غىزالاندۇق.رەنامۇ خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندەك ئىدى.ئۇ ياقتىن بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ رەنا بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن: -ھازىر بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا يېقىنلىرىممۇ قالمىغاندەك ھىس قىلىمەن. مۇشۇ كەمگىچە مۇشۇنچىلىك ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەتمۇ بولماپتىكەن، خالىسىڭىز مەن سىزگە مېنىڭ شۇنداقلا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى سۆزلەپ بېرەي.شۇ باھانىدا ئىچىممۇ بوشاپ قالار، دىدى. مەن ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتىپ قويغان بولسامۇ نىمىشقىدۇر قىزچاقنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىنى تاتىلاپ قويۇشىمدىن ئەنسىرەپمۇ قالغان ئىدىم..قىزچاق ئېغىر بىر خۇرسىنىۋەتكەندىن كېيىن كىرىسلونىڭ يۇمشاق ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى: -بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان دەقىقىدىسىدىن باشلاپ ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئوخشاشلا مەنمۇ زۇلمەتلىك تۇنلەرنىڭ بىرىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىم.ئانامنىڭ ئوغۇز سۈتىدىن ۋە مېھرىبانلىق بىلەن پەپىلەشلىرىدىن بەھرىمان بولدۇم.قىسقىسى مېنىڭمۇ ھايات قىسمەتلىرى بىلەن لىق تولغان كىشىلىك ھايات بېتىم بولدى. لېكىن، مەن ئۆزۈم ئېرىششكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەردىن ھامان مەھرۇم بولىدىغانلىقىمنى، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ چۈشەنچە بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم، نىمىشقا؟ تۇغۇلۇشۇم،ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئوخشايدۇ-يۇ،ئېرىشكەنلىرىم باراۋەر ئەمەس؟! كىچىكىمدىنلا باشقا باللاردەك غەمسىز كۈلۈپ، ئاتا-ئانامنىڭ باغرىدا شوخ ئەركىلەشلەر ماڭا نىسىپ بولمىغاندىن سىرت، بىر قېتىملىق كۈتۈلمىگەن ھادىسىدە خوشنىمىزنىڭ ئىتى مىنى رەھىمسىزلەرچە تالاپ كەتكەن بولۇپ، سول يۈزۈمدە ناھايىتى چوڭ تاتۇق ئىزى قالغان ئىدى.ھەر قېتىم ئەينەككە قارىغىنىمدا سول يۈزۈمدىكى بۇ قورقۇنۇشلۇق تارتۇق يۈرىكىمنى ئىزەتتى.ئەينەكتىكى ئەكسىمگە قاراپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئۆكسۈپ يىغلايتىم... شۇڭلاشقا ئۆزۈمنى ھەرقانداق كىشىدىن تۆۋەن چاغلايتىم. ئادەم بار يەرلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.ئۆزۈمنى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك،باشقىلار بەھرىمان بولۇۋاتقان ماددى ۋە مەنىۋىيەتلەردىن بەھرىمان بولالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى ئاشۇ تاتۇقۇمدەك ھىس قىلىپ كۆڭگەچ ئۆزۈمنى باشقىلار ئالدىدا ئەركىن-ئازادە تۇتالمايتتىم.ئەتراپىمدىكى بارلىق كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشاتتىم.مومامنىڭ‹‹بالام، ئاتا-ئاناڭدىن

كىچىك قالغان بولساڭمۇ سېنى ياتلارغا تەلمۈرتكۈزمەسلىككە تىرىشىمەن.چىراي ئۈنچە مۇھىم نەرسە ئەمەس،ياخشى خۇلقى-مىجەزىڭلا بولىدىكەن ھەممە ئادەم سېنى ياخشى كۆرىدۇ. پەقەت سەن ياخشى ئادەم بولساڭلا بولىدى.باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول.بىرەر تال چۈمۈلە چاغلىق نەرسىگە يامانلىق قىلساق ئۇ دۇنياغا بارغاندا جاۋابىنى بېرىدىغان گەپ، شۇڭلاشقا چوقۇم ياخشى ئوقۇشۇڭ،ياخشى ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك.شۇندىلا ئاتا-ئاناڭنىڭ روھىمۇ گۆرلىكىدە خاتىرجەم ياتىدۇ. ئۆزۈڭمۇ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيسەن،ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلەيسەن...››دەپ باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلىشلىرىدىن قەلبىمدە ھەردەقىقە ‹‹ياخشى ئادەم بولۇش››ئىستىكى غەليان سۇرەتتى.شۇنداق، مەن ‹‹ياخشى ئادەم بولۇش››نى ئارزۇ قىلدىم ۋە شۇ ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر بىر قەدەمنى ياخشى ئىشلار ئۈچۈن باستىم. مومام‹‹ياخشى››دېگەن ئىشلارنى قىلدىم‹‹يامان بولىدۇ››دېگەن ئىشنى بىرلا ئاڭلىسام قايتا سادىر قىلمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپتىمۇ باشتىن ئاخىرغۇچە‹‹ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى››بولۇپ ئۇقۇدۇم.باشقىلار كۆڭلۈمگە ئازار بەرسىمۇ،كەمسىتسىمۇ،مەنسىتمەي مەسخىرە قىلسىمۇ قىلچە كۆڭلۈمگە ئالمىدىم.ئۇنداقلارغا ئۆچمۇ بولۇپ قالمىدىم. ئاداۋەتمۇ ساقلىمىدىم. ماڭا يامانلىق قىلغان ياكى قىلماقچى بولغانلارغا ئەكسىچە ياخشىلىق قىلدىم.كاللامدىكى بىر مەۋھۇم كۈچ ئۆزۈمنىڭ ھامان ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرغۇدەك سالاھىيىتىم يوقلىقىنى ۋە ئاشۇ تەڭ تۇرماسلىقلىرىم، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشلۇرۇم قانداقتۇر بىر ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىشىمنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ھاياتىمدا ماڭا تارتۇقلانغان‹‹ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلىرى بەدىلىگە كەلگەن››نەرسىلەرنىمۇ خۇددى بىراۋلار ماڭا ھەدىيە قىلىۋاتقاندەك،ئەسلى ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھەققىم يوقتەك خۇشاللىق ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلاتتىم،قىسقىسى، ھاياتقا كۈلۈپ بېقىپ ياشاپ كەلدىم. بۇ ھاياتلىقتا مېنى ھەقىقى ياخشى كۆرىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەردىن مومام ۋە ئاكاملا بار ئىدى.لېكىن مەن مېنى ئۆزگۈز سۆيۈتۈمگە قاندۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ئانام ۋە شۇنچە تىرىشسامۇ چىرايىنى چۈشۈمدە كۆرگەندەك ئەسلىيەلەيدىغان دادامنى دائىم سېغىناتتىم. ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ ۋە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.يېشىم چوڭايغانسىرى بۇ خىياللىرىمنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان رىئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.ئىككى ئاجىز مەزلۇمەنى قانات ئاستىغا ئېلىپ كىچىككىنە ئەرلىك جاسارىتى بىلەن بىزگە ھامى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاكام ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن چېكىنىپ ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى.‹‹بۇرۇندىن دادام-ئانامىلاردىن قالغان ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسى بىلەن كۈنىمىزنى قامدايتۇق، كېيىن ئۇ ئۆيلەر چېقىلىپ ئورنىغا ئۈچ

يۇرۇش ئۆيي بېرىلدى.ئۇ ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە بىز كۆچۈپ كىرىپ قالغان ئىككىسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئىدۇق.موماميا شانغانسىرى كېسەلچان بولۇپ قالغاچقا ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسى موماملنىڭ داۋالىنىشىغا يېتىشمەيۋاتاتتى››. ئاكام ۋاقىتلىق خىزمەتلەرنى قىلاتتى. تاپقان پۇللىرىنى ئۇدۇل ئەكىرىپ موماملنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى ۋە ئۇنى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ، ئەڭ ياخشى دورىلارنى ئېلىپ بېرەتتى.ماڭىمۇ‹‹سەن دېگەن قىز بالا ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ساۋاغدا شلىرىڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالساڭ بولمايدۇ››دەپ ئامال قىلىپ ھېچنەرسەمنى كەم قىلما سلىققا تىرىشاتتى.دۇنيادا مۇشۇنداق بىر كۆيۈمچان قېرىنداشىمنىڭ بولغىنى مېنىڭ ئالەمچە خۇشاللىقىم ۋە بەختىم ئىدى.ئەپسۇس... مەن ئالى مەكتەپكە چىققان پەيتلەردا ئاكام دادامنىڭ ئىدارىسىگە رەسمىي خىزمەتكە ئورۇنلاشتى ۋە خىزمەتكە بولغان سەممىيلىكى،تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە تېزلا دەرىجىسى ئۆسۈپ بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇپ قالدى.ھەرھالدا تۇرمۇشىمىزدىن غەم قىلمايتۇق.موماملنىڭ كونا كېسەللىرىمۇ ئاكامنىڭ ئىزچىل داۋالىتىشى نەتىجىسىدە ياخشىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئاكام مومامغا ئۆيلەرنىڭ بىرسىنى سېتىپ منى داۋالىتىشنى ئويلاشقانلىقىنى مەسلىھەت سالدى.موماممۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئىككىمىزگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئاكام ئاتا-ئانىمىزدىن قالغان ئۆيلەردىن بىرسىنى سېتىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرسىدىكى داڭلىق ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسى بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كېيىن منى يازلىق ۋە قىشلىق تەتىلللەردە چىڭدۇدىكى بىر ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىغا ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئاپىرىپ داۋالاتتى. داۋالىنىش جەريانىدا كۆپ ئازاپ ۋە جاپالارنى چەككەن بولسامۇ سول يۈزۈمنىڭ تېرىسىنىڭ ئارقىمۇ ئارقىدىن قىلىنغان ئوپېراتسىيەلەرنىڭ نەتىجىسىدە بارغانسىرى ياخشىلىنىۋاتقاندىن ئالەمچە خۇش ئىدىم. ئۇھ...شۇنداق قىلىپ يۈزۈمدىكى تاتۇقۇممۇ ئاساسى جەھەتتىن ساقىيىپ ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالدىم.قۇلۇقىمنىڭ يېنىدا ئازراقلا تاتۇق ئىزى بار لېكىن، ئۇنى با شقىلار ئا سان سىزەلمەيدۇ. ساقايغاندىن كيىن ئەينەكتىكى ئۆزۈمگە سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ كىتىپتىمەن. توۋا... ئاشۇ تاتۇق بولمىغىنىدا مەن ئەسلى تولىمۇ چىرايلىق قىز ئىكەنمەن.رەنا بۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ ۋىللىدە قىزىرىپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. -كيىن،دەپ گەپ باشلىدى قىز ئەلەم بىلەن بىر خۇرسىنىۋەتكەندىن كېيىن،-ئاكام توي قىلدىغان بولدى...لايىقى مۇشۇ شەھەرلىك قىز بولۇپ، خېلى ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىكەن.بۇ توي ئۈچۈن موماملنىڭ شۇنچە يىلدىن بېرى‹‹يوق››دەپ تۇرۇپ ئاكامنىڭ توي ئىشىغا ئاتاپ يىغىپ قويغان تۇگۈچلىرى،ئاكامنىڭ ئىشتا چۈشكەندىن بېرى ئىقتىساتچىللىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يىغقان پۇللىرى پاك-پاكىز تۈگىگەندىن سىرت، ئۇرۇمچىدىكى تاغامغا يىگىرمە نەچچە مىڭ يۈەن

قەرز بولۇپ قالدۇق. ئىملا بولسىۇن يەڭگەمنى داغدۇغا بىلەن ھۆرمەتنى قىلىپ كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالدۇق. ئاكاملار ئاتا-ئانىمىزدىن قالغان ،ئىجارىگە بېرىۋەتكەن ئۆيىنى بىكارلىتىپ، چىرايلىق زىننەتلەپ ، بىر ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. مەن مومام بىلەن بىللە تۇردۇم. كىم بىلسۇن؟! ئارىدىن بەش ئاي ئۆتكەندە ئاكام يەڭگەمنىڭ نەچچە دوستلىرى بىلەن ئۇرۇمچىگە ساياھەتكە كېتىپ ئارىدىن 3كۈن ئۆتكەندە ئۆيگە ئاكامنىڭ جەسىدى قايتىپ كەلدى...ئۇلار ئولتۇرغان ماشىنا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ ماشىنىدىكى يەڭگەمدىن باشقا ئۇچەيلەن قازا قىلغان ئىكەن. يىغلىدۇق، قاقشىدۇق ئامال قانچە؟ ئاكامنىمۇ ئاتا-ئانامنىڭ قېشىغا ئۇزۇتۇپ قويدۇق. يەڭگەم ئاكامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگەپ يەتتە نەزىرەسىنى بېرىپ بولغاندا ھوشىغا كەلدى.مومام ئىككىمىز كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ھالىدىن خەۋەر ئالدۇق. يەڭگەم ۋە ئاتا-ئانىسى باشتا بىز بىلەن تەڭ يىغلاپ،ياشلىرىمىزنى سۈرتۈپ يۈرگەن بولسىمۇ كېيىن ئۇلار ئولتۇرىۋاتقان ئۆي توغرىلىق ئوتتۇرىمىزدا زىددىيەت پەيدا بولدى. ئۇرۇمچىدىكى تاغام ۋە موماملار ئۇ ئۆينى سېتىپ قەرزلەرنى تۆلەپ ئاشقىنىنى يەڭگەم ئىككىمىزگە تەڭ بۆلۈپ بېرىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى.يەڭگەم‹‹بۇ ئۆي ئەركىن ئىككىمىزنىڭ ئورتاق مۈلكى،ئۇ ئالغان قەرزلەردىن مەن خەۋەرسىز ھەم ئۇ قەرزلەرنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.بۇ ئۆينىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئەركىن ئۆلگەندىن كيىن ماڭا تەۋە بولىدۇ.››دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى.ھەتتا تاغامنىڭ‹‹ ئەينى چاغدا بېرىپ تۇرغان يىگىرمە مىڭ يۈەننى بەرسىڭىز ئۆي سىزگە قالسىمۇ قالسۇن››دېگىنىگىمۇ قۇشۇلماي، بىز بىلەن بۇنىڭدىن كيىن ھېچقانداق ئالاقە قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ كىتىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ مومام ئىككىمىز باشپاناھسىز قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق ئىقتىسادى كىرىمىمىزمۇ يوق.مەن ئىلاجسىز ئالى مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمدىن چېكىندىم ۋە شەھرىمىزدە يېڭىدىن ئېچىلغان ھۆسىن تۈزەش، چاچ لايىھەلەش سالونىغا شاگىرتلىققا كىردىم. بۇ مەركەزنىڭ مەسئۇلى زۆھرە ھەدەم مىنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن مىنى بىرەر يىلدىن ئارتۇق ھەقسىز تەربىيىلىدى ۋە كيىنكى يىلدىن باشلاپ ئۇستاملار قاتارىدا توختام بىلەن ئىشلەشكە ئېلىپ قالدى. مائاشىم مومام ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا يىتەتتى لېكىن ئاكامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەس-ھوشىغا كېلىپ بولالمايۋاتقان مومام نەچچە رەت كونا كېسلى قوزغىلىپ يىقىلىۋىدى تۆجۈپۈلەپ يىغىپ قويغان پۇللىرىمىزمۇ تۈگەپ قاق سەنەم بولۇپ قالدۇق. نەچچە قېتىم ئىلاجسىزلىقتىن يەڭگەمنىڭ قېشىغا پۇل سوراپمۇ باردىم. لېكىن ئۇ مېنى ئىشىكتىنمۇ كىرگۈزمەي بىرمۇنچە تاپا-تەنىلەر بىلەن يولغا سالدى. كېيىنكى ئىشلار دىمىسەممۇ سىزگە ئايان، سىزنىڭ ياردىمىڭىزدا مومامنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋالىتىپ، ئۇزىتىۋالدىم.مەن بۇ دۇنيادا غەرەرسىز

ياردەم ۋە ياخشىلىقىڭ بارلىقىغا سىزنى ئۇچراتقاندىن كېيىنلا ھەقىقى ئىشەندىم.ئاللاھ خالىسا كېيىنكى ئۆمرۈمدە قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى چوقۇم قايتۇرۇشقا تىرىشىمەن. -ۋاي-ۋۇي بولدى قىلىڭە، دىدىم مەن مۇڭلىنىپ، خىياللارغا ئەسىرا بولۇپ قاياقلارغىدۇر تىكىلىپ قالغان كۆزلىرىمنى قىزغا يۆتكەپ،-ئەمدى ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالسىڭىز سىزدىن راستىنلا خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ؟! رەنا ئوڭايسىز ھالدا ماڭا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى شۇندىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى، كۆرگەنلەرگە چۈشەندۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل مۇنا سىۋەت شەكىللىنىشكە با شلىدى. ۋاقىت چىقىسلا تېلىفۇن قىلىشىپ، ئىزدىشىپ تۇرىدىغان، نەچچە كۈن كۆرۈشمىسەك دېرىكىمىزنى قىلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ بەزى چاغدىكى شوخلۇق بىلەن ئەركىلەپ قويۇشلىرى ماڭا گۈلنەزەر بىلەن يۈرگۈاتقان ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسلىتەتتى. مۇھەببەت ئاجايىپ بىر سىرلىق نەرسە ئىكەن دەپ ئويلاپ كېتەتتىم،گۈلنەزەرنى قوغلاشقان ۋاقىتلىرىمدا پۈتۈن دۇنيا گۈلنەزەر ئىدى.ئۇنىڭسىز مەن ۋە مېنىڭ كەلگۈسىمنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇنۇشلۇق ئىش يوقتەك بىلىنەتتى. ھازىرچۇ؟ ئوخشاشلا بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردىكىدەك ئوتتەك قىزغىنلىق يوق.بىر بىرىمىزگە يەنىلا بەك كۆڭۈل بۆلىمىز-يۇ بەزىدە قارشى تەرەپنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئانچە ئېرەنشىپمۇ كەتمەيمىز. ئۇ تۆگىمەس كورىيە فىلىملىرىنى كۆرۈش،تورغا چىقىش بىلەن ئالدىراش.ھەتتا مەن بارغاندا تامىقىمنى، چېيىمنى ئالدىمغا ئەكىلىپ بېرىشتىن،ئەتىگىنى بىر قۇر كىيىممنى ۋە ناشتىلىقىمنى تەييارلاپ قويۇشتىن باشقا ئىشىنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزور كۆرۈش ۋە تورغا چىقىشتەكلا.ئۆي جاھازلىرىدىن تارتىپ چىنە-قاچا،كىيىم-كېچەكلىرىگىچە كورىيەنىڭكىنى ئىشلىتىشكە باشلىغىنى يەتمىگەندەك تېخى كورگەن فىلىملىرىدىكى پېرسوناژلار بىلەن مېنى سېلىشتۇرۇپ‹‹ قاراڭ ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاياللىرىغا بەك كۆيۈنىدىكەن،بەك مېھرىبانكەن، مۇلايىم، سىلىق-سىپايىكەن...››دەپ ۋايساپ كېتىشلىرىچۇ؟بەزىدە ئۇنى تېرىكتۇرۇپ ئوينىغۇم،ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقۇممۇ كېلىپ قالىدۇ.لېكىن ئۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ. قېرىشقاندەك مېنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئويلىغان، دەم ئالغان ۋە كەيپىياتىم چاغ ۋاقىتلاردىلا قويۇلىشچۇ تېخى لەنەتتەككۇر كورىيە فىلىملىرىنىڭ! يىللار ئۆتكەنسىرى ئەر-خۇتۇن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا يەنە بىر خىل مۇناسىۋەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتقاندەك ھىسسىياتقىمۇ كېلىپ قالىمەن. خۇددى كىچىكىمىزدىنلا بىر ئۆيدە چوڭ بولغاندەك، يەنە ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە ياشىشىمىز بېكىتىلىۋېتىلگەندەك.ياشلىقتىكى قىزغىن مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى يۈكسەك بىر ئائىلىۋى مەسئۇلىيەت ئۈستىگە ئېلىۋالغاندەك... كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى. ئايالىم كورىيە فىلىملىرىگە،كومپيۇتېرغا ۋە پات-پات يانفۇنۇمنى

ئاقتۇرۇپ قويۇشتىن باشقىغا قىزىقمايدۇ. مەن بولسام شەھەر كوچىلىرىنى كۈندە نەچچە رەت موكىدەك ئايلىنىپ چارچايمەندە كېلىپ تامىقىمنى يەپلا تېلىۋىزورغا چەكچىيىپ ئولتۇرغان ئايالىمغا قاراپ بىر ھوميىپ قويغاندىن كېيىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتقىنىمنىلا بىلىمەن، تاڭ ئاتىدۇ. يېقىندىن بېرى تۇرمۇشىمىزدا يېڭىلىق ۋە ئۆزگۈرۈشلەر بار دېيىلسە ئەمدىلا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قىزىمنىڭ جېدىلىنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقىنىدا‹‹يانفۇن ئېلىپ بەرسەڭ بولاتتى دادا،پالانى سودا سارايىدا پۈكۈنى ماركىلىق كىيىمنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىپتىكەن ساۋاغداشلىرىمدىن نەچچىسى ئاپتۇ،ماۋۇ سومكام مودىدىن قالدى، ھازىر بىزنىڭ سىنىپتىكى ھېچكىم مەكتەپ ئاشخانىسىدىن تاماق يېمەيدۇ.››دېگەندەك تاپا-تەنە ئارىلاش ئەركىلەشلىرىلا ئىدى. ھەپتىدە ئىككى كۈن ئۆيدە قىزىمىز بار چاغدىلا خۇلۇم-خوشنىلىرىمىز بۇ ئۆيدىمۇ ئادەم بارلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقىنىنى بىلىشەمدىكىن دەپمۇ قالىمەن. بىر شەنبە كۈنى چۈشلەردە رەنانىڭ خىزمەت ئورنىغا يېقىنراق تەرەپكە بىر يولۇچىنى ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن نىمشقىدۇر چۈشلۈك تاماقنى رەنا بىلەن بىرگە يېيىشنى ئويلاپ ئۇنىڭغا تېلىفۇن قىلدىم.رەنا چۈشلۈك تاماق يەپ بولغىنىنى لېكىن ھازىر بىكار ئىكەنلىكىنى،بىردەم پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر چايخانىغا باشلاپ كىردىم. بىز يالپۇز چېيىنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرىدىن، راھەت بېغىشلىغۇچى تەمىدىن ھوزۇرلانغاچ ئۇ يەر بۇ يەردىن ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق.نىمشقىكىن ئۇنىڭغا باشقىچە نىيىتىم يوق دېيەلىسەممۇ يېقىندىن بېرى ئۇنى دائىم كۆرگۈم، پاراڭلاشقۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىدىن، شوخ كۈلكىلىرىدىن ئۇزۇندىن بېرى تاپالماي يۈرگەن بىرەر نەرسەمنى تېپىۋالغاندەكمۇ بولاتتىم.چايخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئۇ ئىشلەيدىغان دۇكانغا ئاپىرىپ قويۇپ يەنە ئۆز ئىشىم بىلەن بولدۇم. كەچتە ئايالىم، قىزىم بىللە تاماق يەپ ئولتۇرغاندا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا قىزىم بوزۇپ بۇرۇنقىدەكلا كىيىم جۇداسى قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ كۆرۈپ قويغان كىيىمنى ئەتىلا ئېلىۋالمىساق ئۇ كېيىم سېتىلىپ تۈگەپ كېتەرمىش. ئاپىسى ئۇنىڭ قىش كېرەكي دەۋەتتقاندا يازلىق يەنە كىلىپ ئۇنچە قىممەت كىيىمنى ئېلىشقا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن ئۇ مېنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇۋىدى مەنمۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ قويدۇم. ئويلىمىغان يەردىن قىزىم ئورنىدىن تۇرۇپلا: -ھە، سىرتتا قىزلار بىلەن چايخانىلاردا خەجلەپ يۈرسەڭ بولىدىكەنۇ ماڭا پۇل خەجلىسەڭ ئاغرىيدىكەن ھە؟دىدى كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ. بېشىمدىن بىر چېلەك سۇنى قويىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم: -نىمە دەۋاتىسەن؟ ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمە! -يالغانمىتى ؟ مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!ھەممە ئەرلەر ئازسىمۇ مىنىڭ دادام ئۇنداق قىلمايدۇ دەپ

يۈرۈپتىكەنمەن. ئىسسىت سېنىڭ ھالىڭغا! ئۇنىڭ تەستىكىگە قانداقلارچە بىر شاپىلاق سالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيلا قالدىم. ئۇزۇندىن بېرى جىمجىتلىق قاپلىغان ئۆيىمىزدە تۇيۇقسىزلا جىبدەلنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىلىپ كەتتى...قىزىمغۇ يىغلىغىنىچە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ جىمىپ كەتتى. لېكىن، ئايالىم بۇ ئىشنى قانداقلا چۈشەندۈرسەم چۈشىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر تالاي جەڭگى-جېدەلدىن چاپىنىمنى كىيىپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئاران قۇتۇلغان بولدۇم. كەچكى كۈزنىڭ سوغۇق شاملى مېنى خېلىلا سەگىتىپ قويغان بولسىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئايىقى چىقماس كوچىلاردا نەگە بېرىشىمنى بىلمەي نىشانسىز چۆگىلەپ يۈرىمەن. كاللامدا يەنىلا تۈگىمەس سوئاللار‹‹مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟بىر قىز بىلەن چايخانىغا كىرگىنىم راست، لېكىن، مەن ئۇنىڭغا يامان غەرەزدە بولمىدىم. يامان كۆنلەردە قالغىنىنى كۆرۈپ بىر ئادەم،ئەركەك بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىچىككىنە ياردەم قىلدىم.ئۇنىڭ يالغۇزلۇقتىن، مۇسىبەتتىن چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئانچە-مۇنچە تەسەللى بەردىم. يوقلاپ تۇردۇم.ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام خۇشال بولۇپ قالىدىغىنىممۇ راست. مەن بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاشلا روھى ھەمراھقا، مەنىۋى كۆيۈنۈشكە،تەسەللىگە، خۇشاللىققا مۇھتاج!ئەلۋەتتە بۇنى باشقىلاردىن كۈتمەسلىكىم كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەن. لېكىن ئايالىمنىڭ يات بىر قىز بىلەن ئىزدىشىپ يۈرگىنىمنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ مىنى ئۆزىنىلا سۆيسە،بىكار بولسىلا ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرسا دەپ ئويلايدۇ. لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىلچىمۇ يېڭىلىق قالمىغان تۇرمۇشىمىزدا مىنىڭ قانچىلىك بۇرۇختۇم بولۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيدۇ.ئۇنىڭچە كىرلىرىمنى يۇيۇپ، تاملىقىمنى ئېتىپ، ئۆيلەرنى پاكىز تۇتۇپ...ئولتۇرۇپلا بەرسە ئۇنىڭ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەت ئادا بولغان بولىدۇ. لېكىن مىنىڭ يەنىلا يېڭى تويى قىلغان ۋاقتلاردىكىدەك ئۇنىڭ بىلەن قانماي مۇڭداشقۇم، كوچا چۆگىلىگۈم،باغچىلارنى ئايلانغۇم،يامغۇرلۇق كۈنلەردە قولتۇقلىشىپ قايسىدۇر بىر ناخشىلارغا غىڭشىپ، رومانتىك ھىسلارغا چۆمۈلۈپ ماڭغۇم، قارلىق دالىلاردا قوغلىشىپ ئوينىغۇم كېلىدۇ. مەن بىر رومانتىك، ھىسسىياتچان ئەر. مەن بارغانسىرى ئۇنى مەن ئۆلۈپلا قالمىسام ياكى بىرەر يېرىم يارىلانمىسا،ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتمىسەملا باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك ھىس قىلىپ قالىمەن.ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر يىلدەك بولدى ئىككىمىزگە ئاران تەستە نىسىپ بولىدىغان سۆزلىشىش پۇرسەتلىرىمۇ تۇتۇرۇقسىز ئىشلارنى تالىشىپ قېلىش بىلەن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئىككىلىمىز نازۇك ۋە قوپال بولۇپ قېلىۋاتقاندەك گەپلىرىمىز پەقەتلا بىر يەردىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەپلا بىردەمدە تاپىدۇ ۋە دومسىيىپ تېلېۋىزورغا قاراپ بىر ئولتۇرسا ئۇنىڭ قاچانلاردا يېنىمغا كىرىپ ئۇخلىغىنىنىمۇ سەزمەي

قالىمەن.ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىلمان مۇناسىۋەتتىن مىنىڭ ئىچىم قانچىلىك سىقىلغىنى بىلەن ئۇ قىلچە سەزمىگەندەك ئىدى.مەن ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ۋەزىيەتنى ئۆڭشاش ئۈچۈن تىرىشماقچىمۇ بولدۇم.ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىۋىدىم ئۇ خۇشال بولۇشنىڭ ئەكسىچە‹‹پۇلنى بۇزۇپ نەچچە كۈندىلا سولىشىپ قالىدىغان نەرسىنى ئېلىپ نىمە قىلىسىز؟ئەجەپ بۇرۇن بۇنداق قىلمايتىڭىز،گۈل سوۋغات قىلىشنى بىرەر قىز ئۆگىتىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟ ماڭا دىيەلمەيۋاتقان بىرەر گېپىڭىز بولسا بۇنى بەرمىسىڭىزمۇ دەۋەرسىڭىز بولىدۇ...››دېگەندەك سوغۇق گەپلىرى بىلەن ئىللىشقا تىرىشىۋاتقان يۈرىكىمگە بىر چېلەك سۇنى تۆكۈپلىۋەتتى. قۇربان ھېيتتا قىزىم بىلەن دىيىشىپ ئۇنىڭغا بىر دانە يۇڭ پوپايغا سوۋغات قىلىۋىدىم يەنىلا نەتىجىسى ئوخشاش بولدى. ئۆكتەبىر بايرامىدا ئائىلە بويىچە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلىش پىلانىنىنى تۈزۈپ ئۇنىڭغا دىۋىدىم ئوخشاشلا‹‹پۇلنى بۇزمايلى››دىيىش بىلەن چەكلىنىپ قالدىم.ئىچىمدە تايىنلىق كورىيە فىلىملىرىنىڭ داۋامىنى كۆرەلمەي قېلىشىڭدىن ئەنسىرەپ مىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىمنى بەربات قىلىۋېتىپ بارىسەنغۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلىشنىمۇ خالىماس بولدۇم. ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىدۇ؟ ياخشى نەرسىلەرنى ئۆزىدىن ۋە ئېرىدىن قىزغىنىپ‹‹مىھمان كەلگەندە ئىشلىتىمىز››دەپ نېرى قويىۋش،چىرايلىق كىيىملىرىنى ‹‹خەقنىڭ ئالدىدا ››كىيىپ ئۆيدە ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ،ساپما كەشنى پاقىلدىتىپ سۆرەپ يۈرۈشلىرىنىڭ،ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئورۇنسىز،تەكرار كوتۇلداشلىرىنىڭ ئەرنى تۈتۈپ قېلىشقا قانچىلىك ئۈنۈمى بولار؟ رەنامۇ بىر ئايال، تېخى توي قىلمىغان قىز بولسىمۇ ئۆي تۈتۈشلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ.ئاددى لېكىن ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ،پاكىز تازىلانغان ئۆيدىن يىنىك ئەتىرنىڭ پۇرىقى پۇراپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئۇ ئەڭ يۇمشاق كۆرپىلەرنى كىرىسلونىڭ ئۇستىگە سېلىپ مىنى تۆرگە باشلايدۇ. چىرايلىق پىيالىگە قېنىق دەملەنگەن خۇشپۇراق چاينى قۇيۇپ،ئىككى قوللاپ سۇنغىنىدا يۈرۈكۈم ۋىلىلدە ئېرىپ،سۆيۈنۈپ كېتىمەن.ئۇ ئايالىمدەك گېپىمنىڭ بىلىگە تېپىپ چالۋاقاپ كەتمەيدۇ.ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك مۇڭدا شساق گېپىمىزمۇ تۈگەپ كەتمەيدۇ...ۋاي توۋا نىمە ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كەتكەندىمەن،ماڭا ئىككىسىدىن بىرسىنى تاللاش ۋەزىپىسى باردەك؟ رەنا مىنىڭ سىڭىل دوستۇم خالاس، ئۇنىڭ بىلەن باشقىچە مۇناسىۋەتلەردە بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى دەپ ئايالىمدىن، ئائىلەمدىن ۋاز كېچىشىممۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئۆزۈممۇ ھازىرقى تىنچ تۇرمۇشۇمدىن سەل زېرىكىپ قالغاننى ھساپقا ئالمىغاندا بۇ تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم. ھەم ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن.ھەم ئۇنداق قىلىشىم مۇمكىنمۇ ئەمەس. نىملا بولمىسۇن، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن

كۆرۈشۈپ يۈرۈشۈم ئايالى بار،ئائىلىسى بار بىر ئەرگە نىسپەتەن خاتالىقتا قەدەم ئالغانلىق، كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرىمىزدا بەزىبىر خاتالىقلارنى يۈز بەرمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇ بىر چىرايلىق، ئەقىللىق قىز. مەن بولسام ھېسسىياتچان ئەر! ئىشىنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك.ئىنسان بولۇپمۇ ئەرلەر ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىدا مەيدىسىنى، ئوبرازىنى تىك تۇتۇپ ياشىشى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن، ھۆرمىتىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.بۈگۈن چايخانىدا قىزىمنىڭ كۆرۈپ قالغىنى بۇ ئەسلىلا مەن خىجىل بولۇشقا، ئۆزۈمنى ئەيىپلەشكە تېگىشلىك ئۇياتلىق ئىش. مەن يەنە نىمىشقا ئۇنى بىر تەستەك سالغاندىمەن؟ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئايالىمغا بۇ ئىشلارنى ئەينەن چۈشەندۈرمەي ئۆيدىن چىقىپ كىتىشىمنىڭ ئۆزىمۇ يەنە بىر چوڭ خاتالىق ئەمەسمۇ؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆيگە قايتماقچى، ئايالىمغا ھەممە ئىشنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم. ئەپسۇس،ھەر قانچە تىرىشقان بولساممۇ ئىشلار مەن ئويلىغاندەك بولمىدى.ئايالىم نىملا دىسەم ئىشەنمىدى ھەم ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈشتە چىڭ تۇرىۋالدى.بەرىبىر خۇددۇكۇم بولمىغانكىن كۆرۈشتۇرسەممۇ ھېچ ئىش بولماس دەپ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم. بۇنىڭسىز باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى. لېكىن گۈلنەزەرنىڭ رەناغا ئازار بېرىپ قويۇشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتىم. ئايالىم رەنا بىلەن« تىل بىرىكتۈرىۋالماسلىقىم»ئۈچۈن ئۆزى بار يەردە ئۇنىڭغا تېلىفۇن قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا تېلىفۇندا ئەتە كەچتە بىرگە تاماق يىيىشنى يەڭگىسىنىڭمۇ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھەيران قېلىش ۋە ئەندىشە ئارىلاش ھودۇقۇش چىقىپ تۇرغاچ ئايالىم يەنىلا كېچىچە مىنى «ئىقرار قىلىش»قا قىستاپ چىقتى. ئەتىسى بىز تېز تاماقخانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ئۇچراشتۇق. ئايالىم رەنانىڭ سالىمىغا سوغۇقلا جاۋاپ قايتۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي ئولتۇراتتى. ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.گەپنى نەدىن باشلاشنى، قايسىسىغا قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىم. گەپنى يەنىلا ئالدىراقسان ئايالىم باشلىدى. بۇنى گەپ باشلاش دېگەندىن كۆرە ئىككى جىنايەتچىنى سوراق قىلىش دېگەن تۈزۈك ئىدى.مەن ئىككىسىنى بىر-بىرسىگە تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دۇكانغا چىقىپ تاماكا ئەكىرىۋېلىشنى باھانە قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتىم.كوچىدا بىر ھازا مەقسەتسىز چۆگىلەپ يۈرگەندىن كېيىن يەنىلا ئۇ ئىككىسىنىڭ گەپ تالىشىپ ئىشنى چوڭايتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ كىرسەم ۋەزىيەت خېلىلا ئۆڭشىلىپ قالغاندەك قىلدى. ئۇ ئىككىسى خېلى ئەركىن-ئازادە،خۇددى كونا تونۇشلاردەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. -ھازىر جەمىيەت بەك قالايمىقان بولۇپ كەتتى قاراڭ سىڭلىم. ئادىل ئاكىڭىزغا ھەرقانچە ئىشەنسەممۇ بەزىبىر ئائىلىلەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاپ، كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقانكىن ئەنسىرەيدىغان گەپ ئىكەن. -ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنىمەن گۈلنەزەر

ئاچا،ئادىل ئاكام ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. مېنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ سىلەرگە يۈزتۈرانە رەھمىتىمنى ئېيتقۇم بار ئىدى. شۇ سىزنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ بارالمىغان ئىدىم. نىملا بولمىسۇن توغرا چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت. سىزگە پەقەت شۇنىلا ئېيتالايمەنكى مەندەك بىر ناتونۇش قىزغا ئىشەنمىسىڭىزمۇ ئېرىڭىزگە ئىشەنسىڭىز تامامەن بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق سىرتلاردا ئويناپ يۈرىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس. ئىككىسىنىڭ پوزىتسىيەسىگە قاراپ كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشۈپ قالدى.ئۇچىمىز خېلى ئەركىن-ئازادە ئولتۇرۇپ غىزالانغان بولساقمۇ خوشلىشىدىغان چاغدا ئايالىم رەناغا:-بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىڭىز ئادىل ئاكىڭىزنى ئىزدىمەي مېنى ئىزدەڭ.بولمىسا مەن توغرا چۈشەنگەن بىلەنمۇ كۆرگەنلەر توغرا چۈشەنمەيدۇ.دەپ چىرايىنى غەلىتە قىلىپ ئۈزىتىپ قويدى. رەنا ئوڭايسىزلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى. -نىمانداق گەپ قىلىسەن؟ -قانداق گەپ قىلىپتىمەن؟ دېگىنىم خاتاما؟ -ھەممە ئىشنى بىلدىڭ،ئوتتۇرىمىزدا باشقا ئىشلارنىڭ يوقلىقىغىمۇ ئىشەندىڭ، يەنە نىمىشقا ئۇنداق باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان گەپنى قىلىسەن؟ -ئىشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىن باشقا تاللىشىم بارمىدى؟ -دېمەك يەنىلا ئىشەنمەيۋېتىپسەندە؟ ئۇ قىز سەن ئويلىغاندەك قىز ئەمەسلىكىنىمۇ كۆردۈڭ،.. -بولدى قىلىڭ!،دەپ ۋاقىراپ گېپىمنى بۆلىۋەتتى ئايالىم. -بىر ئادەمگە قاراپلا باھا بەرگىلى بولامتىمۇ؟ يەنە كېلىپ بىر ئەرنىڭ يات بىر قىز بىلەن ئىزدىشىپ يۈرۈشى،مومىسىنى داۋالىتىشى، ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇشۇپ بېرىشى، يەنە تېخى چايخانىدا ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئولتۇرۇشى...نورمال ئىشمىكەن؟مەيلى ئىككىڭ قانداقلا ئويۇن ئوينا مەن ئۇنداق ئاسان ئالدىنىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس، بۇگۈن كۆزىتىپ تۇردۇم ئۇ پاسكىنا سىزگە ھەر بىر قارىسا كۆزلىرى يورۇپ كەتتى. سىزمۇ يەر تېگىدىن ئۇنىڭ يەۋېتىدىغاندەك قاراپ ئولتۇردىڭىز. -تولا يوق گەپنى قىلىپ ھەددىڭدىن ئاشما! -ھەددىمدىن ئاشسام قويۇۋېتىپ ئۇ مۇلايىم قىزنى خوتۇن قىلىپ ئېلىڭ! ئىشلار ئويلىغىنىمدىنمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇندىن كېيىن ئايالىم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت ۋە يول قويۇشلارمۇ يوقاشقا باشلىدى. ئۇ ھە دېسىلا رەنانىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتى.قايسىلا ئىشتا بولسۇن ماڭا دوق قىلاتتى. خىزمەت ۋاقتىمدىمۇ بىردەم بىردەم تېلىفۇن قىلىپ نەدىلىكىمنى سۈرۈشتۈرەتتى. ھەتتا ماشىنىدىكى يولۇچىنىڭ قايسى مىللەتتىن، قايسى جىنىستىن ئىكەنلىكىدىن تارتىپ سۈرۈشتۈرەتتى. -ھە ماشىنىدا ئىككى خەنزۇ بار، يېڭىشەھەر رايونىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، دېدىم مەن بىر كۈنى ئايالىمنىڭ سورىقىغا جاۋابەن. -راست بولسا ھازىرلا ئۇنلۇك ئاۋازدا رەنا دېگەن مىنىڭ سۆيگۈنۈم ئەمەس، ئۇ دېگەن بىر بۇزۇق، دەڭ. -نىمە؟ نىمە دەۋاتىسەن؟ -ئۇ يېنىڭىزدا بولمىسىلا

دېيەلەيسىز ئۇ گەپنى. -ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ -دەمسىز؟ دىمەمسىز؟ -نىمىشقا ئۇنداق دېگۈدەكمەن؟ -دىمەك ئۇ يېنىڭىزدا بار شۇنداقمۇ؟ -سەن گەپ چۈشىنەمسەن زادى؟ ماشىنىدا ئىككى خەنزۇ بار. -ئەمسە نىمىشقا مەن دېگەن گەپنى دېيەلمەيسىز؟ ماشىنىدىكىلەر يا گېپىڭىزنى بىلمىسە؟ -بولدى بۇنچىۋالا يولسىزلىق قىلما! -دەمسىز دىمەمسىز؟ -دىمەيمەن! -ئەمسە هازىر نەدىلىكىڭىزنى دەڭ، مەن بارىمەن. تېلىفۇننى ئۈنتۈەتتىم.ئاچچىقتىن لاغىلداپ تىترەپ كىتىۋاتاتتىم.مۇشۇنچىۋالامۇ يولسىزلىق بولامدۇ؟ تۈنۈگۈن تېخى مۇلازىمەت زالىغا بىرىپ تېلىفۇنۇمنىڭ سۆزلىشىش خاتىرىسىنى تەكشۈرۈپ‹‹رەنا بىلەن يەتتە قېتىم سۆزلىشىپسەن››دەپ كېچىچە ئۇرۇشۇپ ئۇخلاتمىدى. ئاچچىقىمدا ئۆز-ئۆزۈمگە كوتۇلداپ مېڭىپ يول بويىدىن تۈيۈقسىزلا يۈگرەپ چىققان كۈچۈكنى بېسىۋەتتىم. ماشىنىنى جىددى تۇرمۇز قىلىپ توختاتقانلىقىمدىن ئارىلىقتىكى رىشاتكىغا ئۇسۇۋالغان يولۇچىنىڭ سەت كاكىراشلىرى ئاز كەلگەندەك يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان كۈچۈكنىڭ ئىگىسى هەيۋە قىلىپ كەلدى. ئۇنى دەپ بۇنى دەپ يۈرۈپ ئۇ ئەتىۋارلىق كۈچۈكنىڭ ئىگىسىنى 5مىڭ يۈەن تۆلەيدىغانغا ئاران ماقۇل قىلدىم. يېنىمدا ئۇنچىلىك پۇل بولمىغاچ يەنە ئايالىمغا تېلىفۇن قىلىشقا توغرا كەلدى. -خوپ بوپتۇ!ماڭا يالغان گەپ قىلىپ، قالايمىقان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىن ئاشۇنداق نەس باسىدۇ. -تولا گەپ قىلماي مەندىكى كارتىغا بەش مىڭ يۈەن پۇل سېلىۋەت. -ئۇنداق ئاسان سېلىۋىتىدىغان ئىش يوق، مەن پۇلنى ئېلىپ ئۆزۈم بېرىپ تۆلەيمەن. -سەن كىلىپ نىمە ئىش قىلىسەن؟ ئارىلىقمۇ خېلى بار؟ -مەن بېرىپ پۇلنى قايسى لالما كۈچۈككە بېرىدىغىنىڭىزنى كۆرۈپ باقاي. ئۇ راستىنلا ئېيتقىنىنى قىلدى. يېنىمىزغا يېتىپ كىلىپ پۇلنى كۈچۈكنىڭ ئىگىسىگە بېرىپ هېچ ئىش بولمىغاندەك قايتىپ كەتتى.ئۇنىڭ چىرايىدا نە خىجىل بولۇش،نە قىلغان بىشەملىكى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىش دېگەننىڭ كىچىككىنە ئىپادىسىمۇ كۆرۈنمەيتى. يولۇچىلارنى مەنزىلگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتقۇچىلىك بۇ ئىش كاللامدىن پەقەتلا ئۆتمىدى.‹‹نىمىشقا؟ نىمىشقا ئۇ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدۇ؟گۇمان قىل دىسە شۇنچىۋالا قىلىدىيۇ نىمىشقا مەندەك بىر پۈتۈن سۇرۇك ئەركىشىنىڭ غورۇرىنى ئويلاپ قويمايدۇ؟مەن ئۇنىڭ ئېرىمۇ ياكى ئۇنىڭغا سېتىلىپ كەتكەن، هېچقانداق ئەركىنلىكى بولمىغان قۇلمۇ؟رەنا بىلەن بولغان ئىشتا مەندىن هېچقانداق خاتالىق ئۆتمىگەن بولسىمۇ گۇناهىمنى بوينۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلماسلىققا ۋەدە بەردىم هەم ئۆزۈممۇ رەنا بىلەن شۇندىن بېرى ئىزدەشمىدىم.ئۇنىڭ ئۆيگە بارسىملا گۇمان بىلەن قاراپ، تەنە سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشلىرىغا،تەهدىت ئارىلاش دارىتمىلاپ تىللاشلىرىغا سۈكۈت قىلىپ كەلدىم. ئەمدى زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئىختىيارسىز هالدا ماشىنىنى ئۆزۈم چوڭ بولغان مەهەللىدىكى كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبى تەرەپكە بۇرىدىم.

قانچىلىك ئىچكىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ يولغا چىقسام كۆزلىرىم خىرەلىشىپ،پۇتلىرىم ھېچ قولاشمايۋاتاتتى. بىرەر سائەت بۇرۇن كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىم كىلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ كەتكەن ئىدى.ئۆيگە ئازراق يىشىلىپ بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن پىيادە ماڭدىم. بېشىم قېيىپ كۆڭلۈم ئاينىپلا تۇراتتى. نەدە ئىكەنلىكىمنى ئاڭقىرالماي بىر ھازا تۇرغاندىن كىيىن دىققىتىمنى يىغىپ قاردىسام رەنانىڭ مەھەللىسىدە تۇرۇپتىمەن. رەنا ئۆيدە بار ئىكەن .ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا چىرايىمغا قاراپ ھەيران قالدى ۋە ئارتۇق گەپ قىلماستىن مىنى تۆرگە باشلاپ چاي قۇيدى. -مەن بۇ تۇرمۇشتىن تويدۇم! دىدىم زەردە بىلەن. -ئۇنداق دىمەڭ ئادىل ئاكا،نىمىگە خاپا بولىۋاتقىنىڭىزنى بىلمىسەممۇ ئۇنچىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرمايدىغان ئۆي يوق. يەڭگەممۇ ئۇقۇمۇشلۇق، ياخشى ئايالكەن... -مەن ئەزەلدىن ئۆز ئايالىمنىڭ يامان گېپىنى باشقىلارغا ئېيتىپ يۈرىدىغانلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتىم. لېكىن بۇ ئىشلارنى پەقەتلا ئىچىمگە پاتقۇزالماي قالدىم.بۇ ھالەتتە بۇ تۇرمۇشنى قانچە ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن. رەناغا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىپ ئىچىم خېلى بوشاپ قالغان ئىدى.مەسىلىكىممۇ ئارقا-ئارقىدىن ئىچكەن قىززىق چاينىڭ تەسىرىدە خېلىلا يىشىلىپ قالغان ئىدى. رەنا ئۇنىمغىنىمغا قارىماي تۆگۈپ توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇلغان چۆچۈرىدىن بىر چىنە پىشۇرۇپ ئىچكۈزىۋەتكەندىن كيىن تېخىمۇ يىشىلىپ كەتكەندەك بولدۇم. شۇ كۈنى رەناغا بەك جىق گەپلەرنى قىلدىم. ئىچىمدىن چىقىرالمايۋاتقان، ھېچكىمگە دىيەلمەي كەلگەن ھەممە گەپلەرنى دەپ خېلىلا يىنىكلەپ قالغاندىن كېيىن قايتماقچى بولدۇم. ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىمغىلا كۆز ئالدىمغا ئۆزۈمنىڭ ئۆيى كەلدى. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئايالىم نىمىشقا تىلىفۇنۇمنى ئېتىپ يېرىم كېچىگىچە يوقاپ كەتكىنىمنى سوراق قىلىشقا باشلايدۇ.يىغلايدۇ، قاقشايدۇ، تىللايدۇ، قارغايدۇ،ئاجرىشىمەن دەپ تەھدىت سالىدۇ... كاللامغا لىپپىدە كەلگەن ئۇ خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە سالپىيىپلا قالدىم ۋە بۇسۇغىدىن پەقەتلا چىققۇم كەلمەي قالدى. -رەنا توغرا چۈشەنسىڭىز ئۆيىڭىزدە قونۇپ قالسام بولامدۇ؟ -نىمە...قانداق بولار؟ يەڭگەم بىلسە ئۇ... -ئۇ بىلسە بىلمىسە بەربىر ئۇردىشىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە مېنىڭ ھېچكىم بىلەن ئۇرۇشقۇم يوق. پەقەت خاتىرجەم ھالدا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغۇملا بار.مەن بەكلا چارچاپ كەتتىم... ئۇ باشقا گەپ قىلماستىن ماڭا ھوجرا ئۆيگە ئورۇن راسلاپ بەردى. ئۆزىنىڭ نەدە ياتىدىغىنى سورىسام.كىرىسلودا ياتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن كىرىسلودا مەن ياتاي سىز ياتاق ئۆيدە يېتىۋېرىڭ دەپ تۇرىۋالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مومىسى تۆگەپ كەتكەندىن بېرى ياتاق ئۆيدە يېتىپ باقمىغانلىقىنى، نىمىشقىكىن بۇ ئۆيدە ياتسا قارا بېسىپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا تېلېۋىزور كۆرگەچ كىرىسلودا ئۇخلاپ كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ كۆزلىرىگە

ياش ئالدى.ئۇنىڭ يىغلىغاندىكى ھالىتى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. نىمىشقىدۇر ئۇنى باغرىمغا بېسىپ تەڭ يىغلىغۇم، ياشلىرىنى سۈرتكۈم كەلدى-يۇ يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم.ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىدىن تاراۋتقان ئاياللارغىلا خاس پۇراق، چاچلىرىدىن كىلىۋاتقان ھەرقانداق ئەرنىڭ شەھۋىتىنى غىدىقلىغۇچى خۇشبۇي ھىد نېرۋىلىرىمنى ئارامسىزلاندۇراتتى. شەھۋەت بىلەن ئەقىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتە تولغىنىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمدىكى بۇ ھادىسىنىڭ شەھۋەت ياكى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ باقماقچى بولدۇم. بۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىشنى ئويلىغىنىمدا ئۇنىڭغا نىسپەتەن بىرەر يامان غەرەزدە بولمىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان.مەڭگۈ شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئۆزۈمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتىم.ئۇ بىر ئاجىزە، يىتىم قىز.ئۇنىڭ ھازىرقى يالغۇزلۇقىدىن پايدىلانسام مەن ئادەم بولامدىم؟دېگەن سوئالنى ئىچىمدە توختىماي تەكرارلايتتىم.ۋە بۇنىڭ مەندە ۋاقىتلىق قوزغالغان شەھۋانى ھەۋەس ئىكەنلىكىنى جەزىملە شتۈرۈپ ئۆزۈمنى ئەيىپلەيتتىم. ئۇ كارىۋات ئۇستىدىكى يوتقان-كۆرپىلەرنى ئالماشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقاندا نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى تىلىدىم.شۇندىلا مەن ئۆزۈمدىكى بۇ پەس ھىسسىياتنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كىتەلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئاللاھقا مىڭ شۈكرى ئۇ كېچە ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىش بولمىغىنىدىن ئۆزۈمنى شۇنچە يېنىك ۋە پاكىز ھىس قىلدىم.ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا كۆڭۈللۈك قىلدۇق. شۇ ئەسنادا مەن ئاخشامقى خىياللىرىمدىن نومۇس قىلىپ رەنانىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم ۋە ئەمدى ھەرگىز بۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلماسلىققا ئۆز-ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم. خىزمەتدىشىم ماشىنىنى ئەكىلىپ بەرگەندىن كىيىن رەنانى دۇكانغا ئاپىرىپ قويۇپ خىزمىتىمنى باشلىدىم.تېلىفۇنۇمنى ئېچىشىمغىلا كېچىدىن ئۇرۇلغان تىلىفۇنلارنىڭ قىسقا ئۇچۇرلىرى كىلىشكە باشلىدى.ھەممىسىنىلا ئايالىم ئۇرغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقىسىغا تېخى نەچچە مىنۇتلا بولغان ئىدى. دىمەك ئايالىم كېچىچە ئۇخلىماي ماڭا تېلىفۇن قىلىپ چىققان ئىدى.ئاخشام نەدە قونغىنىمنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى ئويلاپ بېشىم قاتتى ۋە ئاخشام قايتىپ كەتمىگىنىمگە پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدىم. ئىدارىگە ۋە خىزمەتدىشىمغا تىلىفۇن قىلىپ كېچىدىن مىنى بىرەر سىنىڭ ئىزدىمىگەنلىكىنى بىلىۋالغاندىن كىيىن ئايالىمغا تېلىفۇن قىلىپ ئاخشام كېچىلىك ئىسمىندىكى خىزمەتدىشىمنىڭ ئۆيىدە جىددى ئىشى چىقىپ قېلىپ ئورنىغا ئىشلەپ بەرگىنىمنى، تىلىفۇنىنىڭ توكى تۈگەپ ئىتىلىپ قالغىنىنى ھازىر سەزگىنىمنى ئېيتتىم.ئۇ بەرىبىر ئىشەنمىدى. كالىنى چىمدىپ ئۆلتۈرگۈدەك تەنە گەپلەرنى يامغۇردەك تۆكۈۋەتكەندىن كىيىن تىلىفۇننى قويۇۋەتتى. راستىنى ئېيتسام ئاخشام ئۆيگە قايتمىغىنىمغا، قىسقى رەنانىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغىنىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم.تۇرمۇشۇمنىڭ بۇ پېتىلا سوغۇق

جۇتتا داۋاملىشىۋېرىشىنى خالىمايتتىم.ئايالىمنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ئېرىشىشنى ئىستەيتتىم.لېكىن ئېرىشەلمىدىم. ئەكسىچە بىز خۇددى بىر قەپەزگە مەجبۇرى سولاپ قويۇلغان ئىككى خىلدىكى قۇشتەك جېنىمىزنى قىيناپ كۈن ئۆتكۈزمەكتىمىز. ھەر قېتىم كۆڭلۈم يېرىم بولغاندا رەنانى كۆرگۈم ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشقۇم كېلەتتى. لېكىن كۆرۈشۈپ بولۇپ خوشلاشقاندىن كېيىنلا ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەسلىكنى ئويلايتتىم. راستىنى دېسەم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقىنىمغا تەن بەرگەن پەيتتىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدىم.مەن بىر ئايالى بار ئەر. ئۇ بولسا تويى قىلىنمىغان قىز. مەن ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇرسام، ئائىلەمنى ۋەيران قىلسام بولمايدۇ! گاڭگىراش،تېڭىرقاشلار نېرۋىلىرىمنى چارچىتىپ ھالىمنى قويمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كەلگىنىم بويىچە ئايالىم بىلەن بىر قېتىم ئۇچۇق-ئاشكارە پاراڭلاشماقچى بولدۇم.شۇنداق قىلغاندىلا رەنا ھەققىدىكى بولمىغۇر خىياللىرىمغىمۇ خاتىمە بېرەلىشىم مۇمكىن ئىدى.ئۇنىڭ تېلېۋىزورنى ئېچىشىغا، گېپىمنى يېرىمىدىلا بۆلۈۋەتمەسلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ئىچىمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم.مەن ئىككىمىزنىڭ سوغۇق مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋەبى ۋە ماڭا ئېلىپ كەلگەن روھى بېسىمى ئۈستىدە ئىچىمدە بارىنى بىراقلا تۆكتۈم. لېكىن ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى يەنىلا رەنا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن: - مەن بەك چارچىدىم گۈلنەزەر. بولدى بەس، بۇ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرايلى. بۇرۇنقى بەختىيار كۈنلىرىمىزگە قايتايلى. كۆڭلۈڭدىكى ماڭا بولغان گۇمانى قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇۋەت.رەنانىڭ ئىشىدا سېنىڭ ھازىرغىچە ماڭا ئىشەنمەيۋاتقىنىڭنى بىلىمەن. مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەيكى مەن تويى قىلىپ تا ھازىرغىچە ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ باققىنىم يوق. ياخشىراق ئويلاپ باققىن، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى قاچاندىن باشلاپ يىرىكلىشىپ قالدى؟ مەن رەنانى تونىماستىنلا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوغۇق شامال پەيدا بولغان بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ سىرتتا قارىغىنىم، ئۆزگەرگىنىمدىن ئەمەس، پەقەت سېنىڭ مىجەزىڭنىڭ ئۆزگىرەپ كەتكىنى ۋە كورىيە فىلىملىرىغا،كومپيۇتېرغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكىنىڭدە دەپ قارايمەن.سەن ھەتتا ئۆزۈڭ بۇرۇن ياخشى كۆرىدىغان مىجەزىمنىمۇ كورىيە فىلىملىرىدىكى ئەر پېرسوناژلارنىڭكىدەك ئۆزگەرتمەكچى بولدۇڭ.كۆرگەن فىلىمىڭدە ياكى توردا بىرەر ئەركىشى تالاغا قارايدىغان مەزمۇن چىقسىلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەدبىقلاپ ماڭا گۇنانى نەزەردە قارىدىڭ.گۇمانىڭ بارغانسىرى كۈچىيىپ مەن كۆزۈڭگە ھەققى بىر جىنايەتچىدەك، يامان ئەردەك كۆرۈنۈشكە باشلىدىم. بۇرۇن مەن ئىشتىن كەلگۈچە تاماقلارنى تەييار قىلىپ، ئۆيلەرنى پاكىز تازىلاپ ساقلاپ تۇرغاندىن سىرت يەنە تېخى ھەر كۈنى دېگۈدەك كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ، چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇراتتىڭ.

ئىشىكتىن كىرىپلا ماختىشىمنى بەك ياقتۇراتتىڭ. ھازىرچۇ؟ توغرا تاماقنى ئېتىپ قويىسەن. لېكىن، ئۆيلەر بۇرۇنقىدەك كۆڭۈل قويۇپ پاكىز تازىلانمايدۇ.ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ياسىنىپ تۇزدەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىڭ بىلەن ، تاتلىق تەبەسسۇمىڭ بىلەن ئەركىلەپ كۈتىۋالمايسەن.كېچە –كۈندۈز كورىيە فىلىمى كۆرىسەن تېلېۋىزوردىكىسى تۈگەپ كەتسە توردىن ئاقتۇرۇپ تېپىپ كۆرىسەن.قىسقىسى سېنىڭ ماڭا، ئۆيىمىزگە بولغان مۇھەببىتىڭنى ئاللىبۇرۇن تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر تارتىۋالدى.بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم سەن كومپيۇتېر ئالدىدا ئىكەنسەن. كىرگىنىمنىمۇ سەزمىدىڭ. مەن ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ ساڭا قاراپ تۇردۇم. سەن كومپيۇتېر ئېكرانىغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتىڭ«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، گۈلچىراي خانىم-قىزلار، كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن. مەن چولپانئايدىن ھەممىڭلارغا ھۆرمەت سالامى بولسۇن! ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلىرىڭلارنىڭ خۇشال، بەختلىك ئۆتۈشىنى تىلەيمەن...» ئېغىزىڭدىن چىقىۋاتقان شۇنچە راۋان، قۇلاققا خۇشياقىدىغان، تاتلىق گەپلەرنىڭ كىملەر ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقىنىنى بىلمىسەممۇ، ماڭا شۇنچىلىك مۇلايىم ئاۋازدا، ئەدەپ-ھۆرمەت بىلەن گەپ قىلىپ باقمىغىنىڭنى ئويلاپ كۆڭلۈم راستىنلا يېرىم بولۇپ قالدى. سەن پەقەت مېنىڭ سېنى تاشلاپ كېتىشىمدىنلا ئەنسىرەيسەنۇ مېنىڭ روھى ھالىتىمگە، ئىچكى خىياللىرىمغا كۆڭۈل بۆلمەيسەن.توغرا مەن كۆپ ئوقۇمىغان شۇڭا سەن كۆرگەن كىنولارنى، سەن ئوقۇغان كىتاپلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن ھەم قىزىقمايمەن. لېكىن مەن تۇرمۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن. ئۆز زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنى چۈشىنىمەن. قىزىم بىلەن سېنى بەختلىك قىلالىغىنىمدىلا ئۆزۈمنىڭ شاتلىق تاپالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن. دەيدىغانلىرىمنى دەپ بولۇپ خۇددى زىممەمدىكى بىر تاغنى ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك يېنىكلەپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردۇم. -گەپلىرىڭىزنىڭ بەزىلىرى ئورۇنلۇق ئادىل.مېنىڭمۇ يېقىندىن مىجەزىم ئوساللىشىپ قېلىۋاتقىنى ئۆزۈمگە ئايان. لېكىن ھەممە گۇناھنى ماڭا ئارتىپ قويىسىڭىزمۇ بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇرۇن سىزگە پاكىز كۆرۈنگەن ئۆي،چىرايلىق كۆرۈنگەن مەن،نىمىشقا ئەمدى بۇنداق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغىنىغا ھەيرانمەن؟توغرا مەن تېلېۋىزورغا ۋە كومپيۇتېرغا ئامراق. ئۇلارسىز مەن نېمە ئىش قىلالايمەن؟ئىچىم پۇشسا ئىزدەپ بارغۇدەك بۇ يەردە يا بىرەر ئۇرۇق-تۇغقۇنۇم، دوست-بۇرادەرلىرىم يوق.سىزنىڭ خىزمىتىڭىز جاپالىق. ھېرىپ –چارچاپ ئارانلا كېلىسىزدە ئۇخلايسىز.ھازىر قىزىمىزمۇ ئۆيدە ئەمەس، مەنمۇ ئادەمغۇ؟ مەنمۇ زېرىكىمەن.ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزور ۋە تور كۆرۈش سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە شۇنچە يامان ئىش بولسا بولدى مەن ئەتىدىن باشلاپ بىرەر يەردە ئىشلەي. -تەتۈرلۈك قىلمىساڭچۇ خوتۇن؟ مەن ساڭا ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

پەقەت شۇ ماڭا بولغان بەزىبىر گۇمانى قاراشلىرىڭنى كاللاڭدىن يۇيۇۋەت،يىرىكلىشىپ قېلىۋاتقان مۇناسىۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى. ئۇ نەرسىلەر بىلەنلا بولۇپ كەتمەي ئۆيگە ۋە ماڭا مۇۋاپىق ۋاقتىڭنى ئاجراتقىن دەۋاتىمەنغۇ؟ ئۇ كۈنى ئىككىمىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ئاخىرىدا بىر-بىرىمىزگە قارشى تەرەپ خۇش بولىدىغان ۋەدىلەرنى بېرىشتۇق ھەتتا كەچتە بىر بىرىمىزنى چىڭ قۇچاغلاپ يېتىپ يەنە بىر بالىلىق بولۇشنىمۇ مەسلىھەتلەشتۇق. ئەتىسى ئۇ مىنى قىزغىن ۋە خۇشال ئۇزىتىپ قويدى مەنمۇ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ ئۆيدىن كەيپىم يۇقىرى ھالدا چىقىپ كەتتىم. شۇندىن كىيىن رەنا بىلەن كۆرۈشمىدىم.ئۇنى قايتا كۆرۈشنى قەلبىمدە بىخى سۈرۈشكە با شلىغان ناتوغرا مۇھەببەتكە قەدەم تاشلاپ قېلىشتىن قېچىپ يۈردۈم. ئۇ پات-پات ماڭا تېلىفۇن قىلاتتى.ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا يۈرىكىم ئەنسىز تېپچەكلەپ، پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا تېلىفۇن قىلىپ ئۆزىنىڭ بىر بالا بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە مۇۋاپىق پەيىتتە ئۇنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نىمىشقىدۇر ئىچىم بىر يەر پېژژىدە قىلىپ ئېچىشقاندەك بولدى.قورامىغا يەتكەن بىر قىزنىڭ مۇھەببەتلىششى ھەتتا توي قىلىشى مۇقەررەر ئىشقۇ؟ مىنى ئاكا ئورنىدا كۆرۈپ ئۆز سۆيگۈنى بىلەن كۆرۈشتۈرسە نەرى خاتا؟ بىر ھساپتا بۇمۇ ياخشى بولدى . ئەمدى ئۇنىڭمۇ بىر ھىمايىچىسى بولىدىغان. مەنمۇ كۆڭلۈمدە پات-پاتلا ئىسيان كۆتۈرۈپ قالىدىغان بولمىغۇر خىياللاردىن ئازات بولىدىغان بولدۇم،دەپ ئويلىدىم. ئايالىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزمۇ ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈرۈشۈپ كەتتى. رەنا بىلەنمۇ خۇددى ئاكا-سىڭىللاردەك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ يۈردۈم. ئۇنىڭ لايىقىنىمۇ كۆردۈم. خېلىلا قاملاشقان، تۈزۈكلا بالا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قاراشلىرىدىن ھەقىقى بەختىنىڭ نۇرلىرىنى سىزىۋالغىلى بولاتتى. كىينكى كۈنلەردە رەنا بىلەن سۆيگىنى بىزنىڭ ئۆيىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئايالىمۇ رەنانى مەندىن كۈنلمەيدىغان ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىنى-سىڭىللىرىدەك كۆرىدىغان،ئۆتكەنكى ئۇقۇشماسلىق ئىشلارنى دەپ كۈلۈپ كىتىدىغان بولدى.تېخى ئۇلارنىڭ توي ئىشىدا ئەر –خوتۇن ئىككىمىز باش بولۇپ تۇرىدىغان بولۇشتۇق. رەنانىڭ لايىقى مەلۇم شىركەتنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى قىلىدىغان بولۇپ، ئاتا-ئانىسى شىمالدىكى بىر ناھىيەدە ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ يەردە بىزدىن باشقا يېقىنلىرىمۇ يوق دىيەرلىك ئىدى.ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا بىزدىن مەسلىھەت ئالاتتى.ۋە بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇلار توي قىلىشقا پۈتۈشتى. يىگىت ئاتا-ئانىسىنى ئېلىپ كىلىش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتتى. لېكىن ئۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.رەنا ئۇنىڭغا تىلىفۇن قىلىپ ئالالمىغاندىن كىيىن ئەنسىزلىكتە قالدى.بىز ئۇنىڭغا يىگىتنىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بەلكىم ئۆيدە بىرەر ئىش بولۇپ قېلىپ ھايالشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ

تەسەللى بېرەتتۇق. بىر كۈنى كەچتە رەنا ماڭا تېلېفۇن قىلىپ تېز يېنىغا بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى.ئۇ: -ئادىل ئاكا! دەپلا ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئادەم دىگەنمۇ ئاجايىپ پەس مەخلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئازاپتىن ئۆزىنى ماڭا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىشى بەدىنىمدىكى تەلۋە شەھۋەت سامانلىرىغا يەنە ئوت تۇتاشتۇردى.شۇنداقتىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئۆزۈمگە بەرگەن تالاي ۋەدىلىرىمگە ئەمەل قىلىپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ: -نىمىشقا؟ نىمىشقا ئەرلەر بۇنداق بولىدۇ؟ دەپ نىدا قىلىۋىدى ئۇنى باياتىن بېرى مەندە پەيدە بولغان شەھۋانى تىترەشنى سىزىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ھودۇقۇپلا كەتتىم. -پەرھات منى ئالداپتۇ ئادىل ئاكا!. ئۇ تېخىمۇ بەك ئىسسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. نىملا بولسۇن ئۇنىڭ منىڭ يامان نىيىتىمنى سەزمىگىنىدىن يىنىكلىۋالدىم. -نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كارتامنى تەكشۈرسەم ئۇ ئىككىمىزنىڭ تويىغا ئاتاپ يىغقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.ئۇ مەخپى نومۇرىمنى بىلەتتى. مەن يەنىلا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا باردىم. نىمنى كۆردۈم، نىمنى ئاڭلىدىم بىلەمسىز؟ -نىمە؟ سىز ئۇ يەرگە باردىڭىزما؟ ئۇنى تاپالىدىڭىزمۇ؟ -ھەئە مەندە ئۇنىڭ كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بار ئىدى، شۇنىڭدىكى ئادرىس بويىچە ئۇنى ئىزدەپ باردىم. لېكىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى منى بۇسۇغىدىنمۇ ئاتلاتمىدى. -نىمىشقا؟ ئۇ يوقمىكەن؟ -ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكەن. كىملىكتىكى چوڭ ئۆينىڭ ئادرىسىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە بىر ئوغلى باركەن!!!ئۇ مېنىڭ پۇللىرىمنى، قىزلىق غورۇرۇمنى، مۇھەببىتىمنى دەپسەندە قىلىپ مۇشۇنداقلا كېتىپتۇ!ئاڭلاۋاتامسىز ئۇ منى ئالداپتۇ؟!مەن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسەمنى ئايىمىغان ئىدىم. ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئىدىم!!! ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە پۇتلىرىدا جان قالمىغاندەك قۇچىقىمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ پولدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ كىرىسلودا ئولتۇرغۇزدۇم. نىمە دەپ تەسەللى بېرىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن لېكىن ئۇنىڭ قۇچىقىمغا بېشىنى قويۇپ يىنىك تىترەشلىرى، چاچلىرىدىن كىلىۋاتقان خۇشبۇي ھىد منى ئارامسىزلاندۇرىۋاتاتتى.مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ شۇنداق بولغان بارمۇ؟ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاستا سىلاپ بارماقلىرىم بىلەن ئارقىغا تارىدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىغان ئوتلۇق بىر نۇر يۈرۈكۈمنى تېشىپ ئۆتتى. يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ياشلىرىنى ئالقانلىرىم بىلەن سۈرتتۈم.ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تۇيۇقسىزلا غەزەپكە ئوخشايدىغان بىر سوغۇق نۇر پەيدا بولدىدە منى زەردە بىلەن ئىتتىرىپ ئورنىدىن تۇردى.مەن نىمە

قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇراتتىم ئۇ مەغرۇرلارچە چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىغاندىن كېيىن بىگىز بارمىقىنى ماڭا تەڭلىدى: -سىز! ھەممىنى قىلغان سىز! -مەن...مەن...مەن نېمە قىلدىم؟ -تېخىچە بىلمەي يۈرەمسىز؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم! ھەممىگە سىز سەۋەپچى! سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولسام، سىزنىڭ ئايالىڭىز بولمىغان بولسا، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى يۇشۇرۇش، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن بىرسى بىلەن يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان بولارمىدىم؟باشقىلارنىڭ مىنى مۇشۇنداق ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرارمىدىم؟ -سىز...سىز نېمە دەۋاتسىز؟ دېدىم مەن، ئاۋازىم تىترەپ كەتتى ئاۋازىم ئەمەس پۈتۈن بەدىنىم تىرەۋاتاتتى. -بىلمەس بولىۋالماڭ! مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن! ھەم سىزنىڭمۇ مىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. سىز قاچانغىچە يۇشۇرماقچى؟نىمىشقا ئۆزىڭىزنى ئالدايسىز؟ سىزنىڭ تاللىشىڭىزنى قوللاش ئۈچۈنلا مەن پەرھات بىلەن يۈرگەن ئەمەسمىدىم؟!!! قىزچاق يەنە نىملەرنى دېدى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئۇ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئەسەبىيلەرچە چېچىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە پۈتۈن يەر-جاھان چۆگىلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرنىڭ لايىقىدىن مەھرۇم بولۇپ ئەقلىدىن ئاداشقان قىزنىڭ ئەسەبىيلەرچە جۆيلۈشى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتىميۇ قەدەملىرىم ئۇ تەرەپكە كىتىۋاتاتتى. ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم. ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىدى.ياشلىرىدا ھۆل بولۇپ يۈزلىرىگە چاپلىشىپ قالغان چاچلارنى ئاستا قايرىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئېسىمگە كەلگىنىمدە ھەر ئىككىلىمىز«سىزنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغىنىمىزچە كىرىدىسلودا پومداقلىشىپ سۆيۈشىۋاتاتتۇق. ئىسىمنى يىغىپ ئۇنى دەرھال ئىتتىرىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم. -نەگە؟ نەگە بارىسىز ئادىل ئاكا؟ سىزمۇ مىنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ -ياق رەنا بۇ ئۇنداق ئاددى ئىش ئەمەس. مەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن.سىزنىڭ بەختىڭىزنى نابۇت قىلغۇم يوق. دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىپ تۇرۇپ. ئۇ كەينىمدىن كىلىپ مىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ: -مىنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ دەپ پىچىرلىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى.تامىقىم قۇرۇپ تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك تىللىرىم سۆزگە كەلمەيتى.قىزنىڭ بىلىمنى قۇچاخلاپ تۇرغان قوللىرىدىن تارقىغان ئىللىق ھارارەت پۈتۈن بەدىنىمگە ۋولقان ماگمىلىرىدەك سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى. -سىزنى ياخشى كۆرىمەن رەنا! سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا سىزدىن ۋاز كەچمەسلىككە ئامالسىزمەن. مەن سىزگە ھېچنىمە قىلىپ بېرەلمەيمەن.سىزنى تىنگشلىك بولغان بەختكە ئېرىشتۈرۈش قولۇمدىن كەلمەيدۇ! ئۇ ئۆرۈلۈپلا ئالدىمغا ئۆتتى ۋە تىترەپ تۇرغان ئالقانلىرى بىلەن ئېغىزىمنى ئېتىۋالدى. -بولدى سۆزلىمەڭ ئادىل ئاكا. مەن بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن. مەن سىزدىن مۇھەببەتتىن

باشقا ھېچنىمە تەلەپ قىلمايمەن. تۇرمۇشىڭىزغىمۇ ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيمەن. پەقەت مېنى سۆيسىڭىز، چىن دىلىڭىزدىن سۆيسىڭىزلا ماڭا شۇ كۇپايە! كۆزۈمدىن قانداقلارچە ئىككى تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم.مەن ئۇنىڭ ئالدىدا، شەخسىيىتىم ئالدىدا، ئەرلىكىم ئالدىدا تەسلىم بولدۇم! ئۇنى ئەسەبىيلەرچە سۆيدۇم.قەلبىمدىكى يوشۇرۇن مۇھەببەت بىراقلا پارتىلاپ چىقىپ ماڭا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى.ئۇنى سۆيگىنىمدە ئۆزۈمدە پەيدا بولغان تىل بىلەن تەسۋىرلەش تەس بولغان تاتلىق سىزىمدىن شۇنى سەزدىمكى مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتىم دەپ ئۆزۈمنى ئالداپ كەپتىمەن.ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. ئۇنى سۆيىدىكەنمەن!!! ئىسىمگە كەلگىنىمدە بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بولۇپ بولغان ئىدى...رەنا ئىككىمىز ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى كارىۋاتتا تۇغما ھالەتتە ياتاتتۇق.رەنا يېنىمدا پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى.ئۇنىڭ چىرايىغا بىر ھازا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم.بىر چىرايلىقلا قىز، ئۇنىڭ بەختتىن ھوزۇرلىنىش ھەققى بار ئىدى. نىمىشقا ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇنى تاشلاپ كىتىدۇ؟ شۇ قاتاردا مەنمۇ بار. ھازىرلا ئۇنى تاشلاپ ئۆز ئۆيۈمگە قايتىمەن. ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن.ئۇنى ئۇ تىگىشلىك بولغان ھېچنىمىگە ئېرىشتۈرەلمەيمەن. ئۇ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمدىغاندۇ ياكى مەن ئۇنىڭ بوگۈنكى تۇراقسىز كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ رەزىل مەقسىدىمگە يىتىۋالغاندىمەنمۇ؟ئەسلى ئىشلار بۇنداق بولمىسا بولاتتى... ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ،تويۇنغان كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە تاتلىق سىزىم بولسىمۇ يەنىلا ئۆزۈمنىڭ يەڭگىللىك قىلغىنىمدىن پۇشايمان قىلدىم. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۈن-تىنسىز ئايرىلدىم. ئۇنى ئارامىدا قويۇشنى، ئۇنىڭ مېنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلدىم.بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغانلىقى، چىقسىمۇ چوقۇم ئارىمىزدا بىرسىمىزنىڭ بەدەل تۆلەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كيىن كېچىچە ئۇخلىماي ئويلىنىپ چىقتىم. ئاخىرى ئەمدى رەنانى ئىزدىمەسلىكنى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتنى مەقسىدىمگە يىتىۋېلىپلا ئۇنى تاشلىۋېتىش سەۋەبىمدىن پەيدا بولىدىغان نەپرەت بىلەن ئۆچۈرۈشنى قارار قىلدىم. ئۇنداقتا ئۇ بەك تۈگۈشۈپ كىتەرمۇ؟ چۈشكۈنلىشىپ بىرەر خاتا قارار چىقىرىپ قويارمۇ؟ دەپمۇ ئويلىدىم لېكىن، ۋاقىت ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم ھەممە ئىشىنىڭ ئۆتۈپ كىتىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ مەندىن ۋاقىتلىق نەپرەتلەنسىمۇ كېيىن ئۆزىگە تەۋە بولغان بەختكە نائىل بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئىشلار ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. ئۇنى ھەردەم سېغىناتتىم.سېغىنىشىنىڭ ئوتلىرىدا يۈرەكلىرىم پۇچۇلىناتتى. ھەمىشە ئەخلاق،ئەقىل ۋە شەھۋانى ۋەسۋەسە ئوتتۇرىسدا قىلدەك تولغۇناتتىم. تولغۇنۇپ تۇرۇپمۇ كۆڭلۈم ئۇ تەرەپكە ئاغاتتى. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ مۇھەببەتكە

**باشچىلاپ كىرىپ كەتتۇق.باشتا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىشلاردا ئازاپلىنىپ، ئىشتىن كېينلا پۇشايمان قىلىپ يۈرگەن بولسامۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈمگە توغرا چۈشەندۈرۈشكە كۆنۈپ قالدىم. نەچچە خوتۇن ئالغانلارمۇ، كۆندە باشقا-باشقا نازىنىنلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغانلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەمغۇ؟ مەن ئۇنى ئالدىمىدىم،ئۇ ئۆزى خالايدۇ. مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.ئادەمنىڭ هاياتى قانچىلىك؟ ئازاپتا، ئىسكەنجىدە يا شىساڭمۇ ئۆلىسەن. كۆڭلۈك خالىغان ئىشنى قىلىپ خۇشال ياشىساڭمۇ ئۆلىسەن. دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمنى توغرا چۈشىنىشكە،ئاقلاشقا تىرىشاتتىم. نىملا دىمەي، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم مەنالارغا باي، يېقىشلىق ئىدى.ئۇنى سۆيەتتىم. سۆيۈلەتتىم. ئۇنىڭ باغرىدىن ئۆزۈم ئۈزۈن يىل تەقەززا بولغان بارلىق مىهىر-مۇھەببەتنى، روهى ئۇزۇقنى، مەنىۋى خۇشاللىقنى تاپالايتىم.ئۇنىڭ بىر كۈنلەردە بۇ تۇرمۇشتىن زېرىكىپ قېلىشىنى، ئايالىم ئىككىسىدىن بىرسىنى تاللىشىمغا قىستاپ تۇرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم لېكىن ئۇ ماڭا نەچچە رەت‹‹مەن سەۋەپلىك تۇرمۇشىڭىزدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولىشىنى خالىمايمەن. مېنىڭ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا بۆسۈپ كىرگۈم يوق،قەلبىڭىزدە تۇرغۇم بار. پەقەت مىنى چىن دىلىڭىدىن سۆيسىڭىزلا مەڭگۈ توي قىلماي،سىز بىلەن ئۆتىمەن››دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا يەنىلا ئۇنىڭ هاياتىنى مىنىڭدەك بىر ئادەمگە ئاتىۋەتكىنىگە ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. ئايالىم بىلەن رەنانىڭ ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرۈپ ، بۇ ئىشلارنى جايىدا جىپسىلاشتۇرۇشقىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتىم.ھەتتا موللامدىن بىرسىگە ئازراق پۇل بېرىپلا رەنا بىلەن مەخپى نىكاھلىنىۋالدىم.ھەممىدىن هەيران قالارلىقى ئايالىم بىلەن رەنانىڭ تەڭلا هامىلدار بولغانلىقى، ئايالىمنىڭغۇ بۇ خۇشلۇقتىن بېشى ئاسمانغا يەتتى. ئەلۋەتتە مەنمۇ خۇش ئىدىم لېكىن، رەنانىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئويلىسام‌لا بېشىم قاتاتتى.ئۇ بالىنى باشقا يۇرتقا بېرىپ تۇغۇپ كىلىمەن دىگىنى بىلەن ئۇ بالا بىر ئۆمۈر دادىسىز چوڭ بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاشكارىلىسام ئۇ چوڭ بولسا بۇ ئىشنى قانداق چۈشىنىدۇ؟گۈلنەزەر رەنانىڭ توي قىلمايلا تۇغقىنىنى بىلسە بۇ ئىشتىن گۇمان قالماي قالامدۇ؟ -بېشىڭىزنىڭ قېتىۋاتقىنىنى بىلىمەن، دىدى بىر كۈنى رەنا تۇيۇقسىزلا. مەن ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كىتىشنى ئويلىدىم. بۇ ئۆيىنى سېتىۋېتىپ ئۇرۇمچىگە بېرىپ بىرەر هۆسن تۈزەش ئورنىدا ئىشلەيمەن. بالىنى شۇ يەردە تۇغۇپ، شۇ يەردە چوڭ قىلىمەن. سىزمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ تۇرسىڭىزلا بولدى. -ئۆزۈڭىز يالغۇز، ياقا يۇرتتا، قانداق بولار؟ -ئەنسىرىمەڭ ماڭا هېچ ئىش بولمايدۇ.بالامنىمۇ چوقۇم ياخشى بېقىپ چوڭ قىلىمەن. شۇ بىرلا غېمىم سىزنى دائىم كۆرۈپ تۇرالمايدىغان بولدۇم. -بۇ ئىشتا يەنە ئويلىنىپ باقايلى، ئۆيىنى سېتىشقا ئالدىرىمايراق تۇرۇڭ.دىگەن**

ئىدىممەن ئالدىنقى كۈنى. بۈگۈن رەنانىڭ ئۆيگە تېلىفۇن قىلىشىدا بىرەر قارارغا كەلگەنلىكىنى پەملىدىم. بايىقى چۈشۈم بىلەن رەنانىڭ ئۆيگە تېلىفۇن قىلىشىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۈنى‹‹ئايالىڭدىن ئاجرىشىپ مىنى ئەمرىڭگە ئال››دىمەس ھە؟ دەپ ئەنسىرەۋاتاتتىم. شۇ تاپتا شۇنچە بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدىمكى قايسىلا يولنى تاللىسام ماڭا پايدىسىز.بۇ ئىككى ئايالنىڭ ھېچقايسىدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق ئىدى.راست، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن ۋە ھەر ئىككىلىسىنىڭ قورسىقىدىكى بالامدىن ئايرىلىپ قالغۇم، ۋاز كەچكۈم يوق ئىدى. مەن بۇ ئىككى ئايالنىڭ ۋە ئىككى ئايالىمنىڭ قورسىقىدىكى باللىرىمنىڭ ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش تاللىشىدا بېشىم قېتىپ يۈرگەندە مېنىڭ ھاياتىمنىڭ، مەن سۆيگەن، مىنىمۇ سۆيگەن ئىككى ئايالنىڭ،باللىرىمنىڭ...قىسقىسى ھەممىنىڭ ئەجەلىنىڭ رەھىمسىز ئالقىنىغا چۈشۈپ بولغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن... رەنانىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ،كۆزلىرى قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنىڭ سايىسىدىن بىشارەت بېرىپ توختىماي ئەندىكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئەتىگەندىن بېرى بېلى بىلەن قورسىقى ئاغرىپ ، ھەيىز كېلىشكە باشلاپتۇ. چۈشتە ماڭا تېلىفۇن قىلىپ بولغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپتۇ.نەتىجىسى شۇ بوپتۇكى-بىزنىڭ بالىمىز ئانىسىنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك ياخشى يېتىلەلمەي،تۆرەلگەن ئورنىدىلا ئۆلۈپ قاپتۇ.دوختۇر ئۇنىڭغا بالىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقى ۋە رەنانىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ جىددى ئوپىراتسىيە قىلىش كېرەكلىكىنى، دەرھال بالىنىستىتا يېتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشنى ئېيتىپتۇ. سەللا كېچىكسە قوساقتىكى ئۆلۈك ھامىلە چىرىشقا باشلايدىكەندە رەنانىڭ ھاياتىغىمۇ خەۋپ يېتىدىكەن.ئۇ دوختۇرخانىدا تۇرۇپلا ماڭا تېلىفۇن قىلغاندا تېلىفۇنۇم ئېتىك بولغاچ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ مىنىڭ تېلىفۇن قىلىشىمنى كۈتۈپتۇ.ئارىلىقتا قورسىقى بەك ئاغرىغانلىقتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۆيىنىڭ تېلىفۇنىغا ئۇرغان ئىكەن...مەن ئۇ چۈشتە تېلىفۇن قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندا دوختۇرخانىغا بېرىشنى ئېيتىپتىمەنۇ نىمشقىمۇ ئىشنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىرلىقىنى ئويلىيالماي تېلىفۇننى ئېتىپ قويۇپ ئۇخلىغاندىمەن؟دەپ ئۆزۈمنى ئەيىپلىدىم. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن بەكرەك بالىمىزنىڭ تېخى تۇغۇلۇشقا ئۈلگۈرمەيلا كىتىپ قالغانلىقىدىن ئازاپلىنىۋاتاتتى. -ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ پىشانەمگە مەڭگۈ يالغۇز ياشاشنى پۈتتۈۋەتكەن بولارمىدى؟ دەپ نالە قىلىپ يىغلايتى ئۇ،-يېقىنلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ مېنى تاشلاپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بىر يۈرەك پارەمگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىرگە ياشايدىغان بولدۇم دەپ ئويلىسام ئۇمۇ مەندەك شۇم پىشانە ئانىسىنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ!... ئۇنىڭغا قاراپ يۈرەك-باغرىم پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ، تېزرەك تەييارلىنىشقا، ھازىرلا

دوختۇرخانىغا بېرىشقا ئالدىرىتىۋاتقان بولسامۇ مىنىڭ ئىچىمدىنمۇ بىر پىغانلىق يىغا بۇرتۇپ چىقىۋاتاتتى. بۇ مېنىڭ قىلغان گۇناھلىرىمغا ئاللاھنىڭ بەرگەن جازاسى،بالىنى قانداق قىلىش توغرىلىق ئويلىغان ھەرخىل ياخشى-يامان خىياللىرىمنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ تېخى تۇغۇلمىغان نارەسىدەنىڭ كېينكى كۆلپەتلىرىنى بىلگەچ بىزدىن تارتىۋېلىشى دەپ ئويلاپ، ئىچى-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كەتتىم. رەنانى دوختۇرخانىدا ئاپىرىپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشىمگىلا دوختۇرلار ئالدىراش بولۇشۇپ كەتتى.بىر قاتار جىددى تەكشۈرۈشلەر تۈگىگەندىن كېيىن،ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان دوختۇر ئوپېراتسىيەنى ئەتىدىكى قان ۋە باشقا تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى چىققاندا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىشىلىك ھايات مانا مۇشۇنچىلىكلا دەقىقىدە ئۆزگىرىپ كىتىدىكەنكى ئۆزۈڭنىڭ خاتا باسقان بىر قەدىمىڭ تۈپەيلى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدىغان نادامەتكە دۇچار بولىدىكەنسەن.باشقىلارنىڭ ئازاپلىرىغا ھەيران قالغان، ياقا چىشلىگەن ۋە كۆلۈپلا قويغان دەقىقىلىرىڭ بولىدىكەنۇ بۇ تىراگىدىيەلەرنىڭ ئۆز بېشىڭدا ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى، ھامان ئۇنىڭ قارا سايىسى ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قالىدىغانلىقىڭنى ئالدىن بىلەلمەيدىكەنسەن... مەن ئويلاپمۇ باقمىغان، خىيالىمغىمۇ كىرمىگەن قاباھەتلىك قارا قۇيۇن مىنى ۋە مىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئۈمىتلىرىمنى، مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمنى زۇلمەتلىك قويىنىغا تارتىپ بولغان ئىدى. قايتا-قايتا قان تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى رەنا ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچى ئىكەن!بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدا قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمنى تىل بىلەن تەسۋېرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.ئەس-ھۇشىنى يوقاتىشىنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى،ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ قانچىلىك قورقۇنۇشلۇق بولىدىغىنىنى پەقەت بېشىغا كەلگەنلەر، بۇرنىغا ئۆلۈمنىڭ مۇدھىش ھىدى پۇرىغانلارلا ھىس قىلالىسا كېرەك. شۇنداق، ھەممە ئىشنىڭ نەتىجىسى نەچچە كۈنلەرگۈچە ئاغزىمغا گىيا سالماي، بىر دەقىقە ئۇخلىماي تەشۋىشلەنگىنىمدەك بولدى.رەنانىڭ دىيىشىچە بۇ كېسەل ئۇنىڭغا پەرھاتتىن يۇققان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.لېكىن ئۇمۇ ئەمدى بىلىپتۇ..ئەپسۇس بىلگىنىمىزدە بۇ نىجىس كېسەل ئۇنىڭدىن ماڭا، مەندىن ئايالىمغا چاپلىشىپ بولغان ئىدى... بۇ گۇناھ زادى كىمدە؟ بۇ تىراگىدىيەنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟پەرھاتتىنمۇ؟ رەنادىنمۇ؟ مەندىنمۇ؟ ئۇنداقتا گۆلنەزەرچۇ؟تېخى تۇغۇلۇشقا ئۈلگۈرمىگەن باللارچۇ؟ ئۇلار گۇناھسىز ئىدىغۇ؟ خاتىمە ھايات تولىمۇ قىممەتلىك! شۇنداق بىر كۈنلەر بېشىمىزغا كەلگەندە نىملا قىلساق ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى،خاتا باسقان قەدىمىمىزنى كەينىگە قايتۇرغىلى،ئۆزىمىز قەدىرلەشنى بىلمىگەن بەخت ۋە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە جەمىيىتىمىزدە سەلدەك يامراۋاتقان بۇ نىجىس كېسەلنى داۋالىغىلى بولمىسىمۇ چوقۇم ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. پەقەتلا زەھەردىن، شەھۋەتنىڭ ۋاقىتلىق

ئېزىقتۇرۇشىدىن يىراق تۇرساقلا، پاك ۋە ئىتىقاتلىق ياشىساقلا بۇ چەكلىك ھاياتتىكى ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان نىسىۋىلەردىن ھوزۇرلىنىپ ياشاشقا ھوقۇقلىقمىز! تىنىمىزگە سىناق ئۈچۈن بېرىلگەن قىسقىغىنە ھاياتىمىزنى قەدىرلەيلى.بىزگە نىسىۋە قىلىنغان بەختنى قەدىرلەيلى. ئۆزىمىزنى، ئەتراپىمىزدىكى بىزنى سۆيىدىغان، بىزگە ئىشىنىدىغان بارلىق كىشىلەرنى قەدىرلەيلى.ھايات ئۇ بەكمۇ قىسقا شۇنداقلا ھەر بىر ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم كىلىدۇ. تامام.

ياڭغىن ئېلكىتابلىرى

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: ياڭغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net